# يېڭى قاشتېشى

1

1982

# يېڭى قاشتېشى



(پەسىللىك ئەدەبىي ژورنال)

(تۇنجى يىل نەشرى)

خوتەن مەمۇرى مەھكىمەمەدەنىي-مائارىپ باشقارمىسى
« يېڭى قاشتېشى » تەھرىر ھەيئىتى تۈزدى

يېڭى قاشتېشى
(پەسىللىك ژورنال)

1982-يىل 1-سان
(4-يىل نەشرى، ئومۇمى 11-سان)

# بۇ ساندا

ۋىلايىتىمىزدە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇكاپاتلاندى ...................... 1
مەتقاسىم قايتىپ كەلدى ..........(شېئىر)...... تېيىپجان ئېلىيېۋ 3
ئەجدات روھى قايتىپ كەلگەچ قېشىمغا ..........(″)...مەتقاسىم ئابدۇراخمان 6
رۇبائىيلار ..........(″)...... قادىر تۇردى 7
ئۈچ شېئىر ..........(″)...... مەمتىمىن قۇربان 8
ئىككى شېئىر ..........(″)...... ئوبۇلسادىق تۇرسۇن 8
ئېكران تەسىراتلىرى ..........(″)...... ياسىن ھاۋازى 9
مۇشۇكنىڭ كۈنايىنى ساچقاندىن ئېگەللەش ..........(مەسەل)... ئابدۇللا توختىنىياز 11
ھاياتنىڭ قىممىتى ..........(شېئىر)...... ساۋۇت روزى 13
شېئىرلار ..........(″)...... مەھەممەت ئىمىن 14
ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرى ..........(سېكىل)...... سىدىق قاۋۇز 15
شېئىرلار ..........(شېئىر)... مەمەتئەيسا قۇربان 17
رۇبائىيلار ..........(″)... ئابدۇرېھىم ئېلى 18
يۇرت تۇمىغا زىيارەت ..........(″)... ئابدۇغېنى تۇرسۇن 19
گۈزەل يۇرتۇم ..........(″)... ئەبەي مەتتۇللا 20
يېڭى ئىرادە ..........(″)... ئابدۇۋېلى ئىسمايىل 21
ئىككى غەزەل ..........(″)... نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا 22
گۈزەل يېپەكۋادىسى ..........(″)... ئوبۇلقاسىم مەتنىياز 23
تويكۈنىدىكى بۇ دەرە قىلىنغان چاچ ..........(ھېكايە)... مەمتىمىن ھەزرەت 24
پەرھات يۇرتىدا پەرھات ..........(سېكىل)... مامۇت زايىت 29
قىز ئەمەس ..........(شېئىر)... غالىپجان ئوسمان 33
كەلدىم ..........(″)... ئابدۇرېھىم زۇنۇن 33
سوغۇققىزىدىكى باھار ..........(″)... دولقۇنجان تۇرسۇننىياز 34
يېڭى ھايات ..........(ھېكايە)... ئابدۇقادىر سادىر 35
كەلدىم ..........(شېئىر)... رىزۋانگۈل ھۆسەيىن 43
ئىككى غەزەل ..........(″)... ھېسامىدىن ئۆمەر 44
ۋاقىت قىممەتتۇر ..........(مۇستەھزات)... مەتكېرىم ئىسمايىل 44
كەپتىرىم ..........(شېئىر)... غوجى ئابدۇللا ناسىر 45
ياشانغانسېرى ياشىرىۋاتقان ئىجاتكار ..........(ماقالا)... قاھار جېلىل 46
چاپچار ئەمەت شېئىرلىرىدىن ...................... 48
بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى كىم بولۇشى كېرەك؟ ..........(ئوبزور)...... دىلبەر قەييۇم 52
ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەققىدە ..........(ماتېرىيال)...... روزى سىدىق 55
نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن ..........(لەتىپە)...... ئا. سادىر 59
غەزەللەر ..........(شېئىر)...... مەمەتجان ئىسمايىل 62
ۋەتەن دېسە ..........(″)...... ئامىنە تۇردى 63
بولسا ..........(″)...... بارات ئىمىن 64
ئىككى غەزەل ..........(″)...... ئابدۇۋايىت قاسىم 65
تۇتى نامە ..........(كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن)...... ئابدۇقادىر مەھەممەت 66
شائىرلار سۆھبىتىدىن پارچە تەسىراتلار ..........(شېئىر)...... مەتقاسىم مەتنىياز 88
بايرام دىكۈلۈك ..........(″)...... تۇرسۇننىياز ئابدۇللا 90
كېيىن تۇغۇلسىمدا ..........(″)...... مەترۇزى ئەخمەت 90
رۇبائىيلار ..........(″)...... ئابدۇقادىر مەتقۇربان 91
سودىگەرنىڭ ئوغلى ..........(چۆچەك)...... نۇرى كېرەم 92
ۋىلايىتىمىزدە ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلدى ...................... 95

# قوشتى تۆھپە مېھنىتىدىن ئىجاتچان كىشى
# بۈگۈن ئۇنى كۆرەك قىلدى «يېڭى قاشتېشى»

## — ۋىلايىتىمىزدە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇكاپاتلاندى —

«يېڭى قاشتېشى» (ئىلگىرىكى «كونلۇن ئەدەبىياتى» مۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نەشر قىلىنغان 3 يىلدىن بېرى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. ژورنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان خىلمۇ خىل تۈرلۈك ئەسەرلەر كەڭ كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۆتكەن يىل مارتتا چاقىرىلغان تۇنجى قېتىملىق «ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر يىغىنى» دا ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ نەتىجىلەر مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، يەرلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەسئۇللىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 1982 يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش قارار قىلىنغان ئىدى. يېڭى يىل كىرگەندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا ژورنىلىمىز مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاشنىڭ بىرقاتار جىددىي تەييارلىقلىرىنى ئىشلىدى. ئالدى بىلەن ۋىلايەتلىك مىللىي-دىنىي ئىشلار باشقارمىسى، مەدەنىي-مائارىپ باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمى نامىدىن ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر ھەم رايونىمىزدىكى 200 دىن ئارتۇق ئاپتور ۋە كىتابخانغا مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تەۋسىيە قىلىش توغرىسىدا بىرلەشمە تەكلىپ ئەۋەتىپ، ئاممىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاتتى. ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئاپتور ۋە كىتابخان ئايرىم ۋە كوللېكتىپ نامىدىن 70 پارچە خەت ئەۋەتىپ، ئۆزلىرى ۋە باشقىلارنىڭ 126 پارچە ئەسىرىنى باھالاشقا تەۋسىيە قىلدى. مۇشۇ ئاساستا مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، 18-يانۋاردىن 1-فېۋرالغىچە گۇرۇپپا يىغىنى ئېچىپ، 10 سان ژورنالدىكى 360 يەرلىك ئاپتورنىڭ 504 پارچىدىن ئارتۇق داستان، ھېكايە، دراما، ئوچېرىك، شېئىر قاتارلىق ئىجادىي ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتى. مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تاللاش ۋە دەرىجىگە ئايرىپ بېكىتىشتە تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ئۇيغۇن بولغان، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ساغلام ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن مۇمكىنقەدەر مۇكەممەل بولغان بەدىئىي شەكىل بىرلەشتۈرۈلگەن ياخشى ۋە بىرقەدەر ياخشى ئەسەرلەرنى تاللاش ئۆلچەم قىلىندى.

باھالاپ بېكىتىش جەريانىدا مەسئۇل يولداشلارنىڭ مەسلىھەت بېرىشى ۋە رايونىمىزدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك ئەسەرلەرگە قاراپ چىقىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، قېرىنداش شەھەر، ۋىلايەتلەردىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى باھالاپ تاللاشقا كىرگۈزۈلمىدى.

22-فېۋرالدىن 25-فېۋرالغىچە ۋىلايىتىمىزدە ئېچىلغان «ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى» دا بۇ قېتىم تاللاپ چىقىلغان ھەرخىل ژانىردىكى 27 پارچە ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرىغا ماددىي مۇكاپات تارقىتىلدى. تۆۋەندە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر تىزىملىكىنى ئېلان قىلدۇق:

## بىرىنچى دەرىجىلىك ئەسەرلەر

| | | |
|---|---|---|
| بۇ قىز كىمنى تالىشۇن | (داستان) | رۇزى سايىت |
| ئۆزۈمە ھەققىدە مۇخەممەس | (شېئىر) | مامۇت زايىت |
| بۇكۇچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن | (شېئىر) | ئابدۇللا سۇلايمان |
| ئارخىلوگ خاتىرىسى | (شېئىر) | مەتقاسىم مەتنىياز |
| خوتەن ھەققىدە ناخشىلار | (شېئىر) | سىدىق قاۋۇز |

## ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەسەرلەر

| | | |
|---|---|---|
| يول ئۈستىدىكى ئەسلىمە | (ھېكايە) | جاپپار ئەمەت |
| تېلېفون تۈۋىدە | (سەھنە ئەسىرى) | مەمتىمىن قۇربان |
| بۇگۈن كوردۇم ئادالەتنى | (شېئىر) | ئابدۇقادىر مەھەممەت |
| باشلىق بولغانىدا | (شېئىر) | ئەرشىدىن راشىدىن |
| ئانا تىل | (شېئىر) | مەتقاسىم ئەكرەم |
| سويگۈ قوشاقلىرى | (شېئىر) | ئابدۇقادىر مەتقۇربان |
| باشقىغا | (شېئىر) | ئابدىغېنى سېيىت |
| باھاردا گۈللىگەن يۇرت | (شېئىر) | مەمەتئېيسا قۇربان |
| ئېتىۋار | (ھېكايە) | تىلىۋالدى ھوشۇر |

## ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئەسەرلەر

| | | |
|---|---|---|
| باھار ھەققىدە غەزەل | (شېئىر) | ئابدۇرېھىم ئۆتلى |
| ئىككى شېئىر | (شېئىر) | ئىمىن راشىدىن |
| باشلىنىش | (ئاخبارات ئەدەبىياتى) | ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن |
| ھايات سەھنىسىدە | (ھېكايە) | ئابدۇقادىر سادىر |
| چېچىم ئاقلىغى | (شېئىر) | مامۇتجان رېخىم |
| ئارىغىم | (شېئىر) | ئابدۇقادىر خېلىل |
| قەدىرلىك شۇنىڭدا | (شېئىر) | نۇرمەھەممەت توختى |
| شېئىرلار | (شېئىر) | ئابلا مەتىمىن |
| ئايدىن چۈشكەن مېھمان | (شېئىر) | ئەبەي مەتىۋۇدللا |
| كۆل | (شېئىر) | مەتقاسىم ئابدۇراخمان |
| باھار گۈللىرى | (نەسر) | مەتقۇربان ئىسمايىل |
| سېنى ئەسلەيمەن | (شېئىر) | ھىسامىدىن ئۆمەر |
| بەسلەشمەكتە ئىشچىلار | (شېئىر) | ئامىنە تۇردى |

# مەتقاسىم قايتىپ كەلدى

تېيىپجان ئېلىيېۋ

مەتقاسىم ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ،
ئەتىسى كەلدى ئۇ-بۇ پەتە قىلىپ.
دادۇينىڭ مېھرى ئىسسىق سېكرېتارى—
مەتتۇرسۇن دەرتمەنلەرنىڭ غەمگۇزارى
كىردىدە، قۇچاغلاشتى قەدىناسلا،
ئۇنسىلىپ يىغلاشقىلى قالدى تاسلا.
تىنىشىپ ئۇلۇغ-كىچىك، سوز باشلىدى،
ياق، سوزنى ئالدى بىلەن كوز باشلىدى.
سۇر تۇشۇپ ئالقان بىلەن كوزلىرىنى،
تەسلىكتە ئېزغا سالدى سوزلىرىنى.
مەتتۇرسۇن دېدى: «قېنى، سوزلە غېرىپ!»
مەتقاسىم گەپكە چۈشتى كوڭلى ئېرىپ:

«... مەن ھەۋەس قىلغان ئەمەس ياقا يۇرتنى،
ئېچىمگە سىغدۇرالماي قالدىم دەرتنى،
«دولقۇن»دا يېقىلغانچە تاغار يۇدۇپ،
ئايالىم ئولدى، قالدىم مەن قان يۇتۇپ.
قوچاقتا قالغان بالام بېقىمىش تاپماي،
ماڭمىدى ئۈچ ياشقىچە، سوگەك قاتماي.
ياتاپقىلى تۈزۈك شىپا، چامىم يەتمەي،
شياۋدۇيگە بەشكويچىنگە لەۋزىم ئۆتمەي،
بالام موكەتتى... ئېتى «توختى» ئىدى،
«توختى» دەپ ئاتقويسام توختىمىدى.
ئولگەننى ئۇزاتمىدىم قارا تۇتۇپ،
يانەزرە قىلالمىدىم ياغ پۇرۇتۇپ.
مەن قالدىم يىتىمسىراپ، تىنچ جان بولۇپ،
بىرۋەيران نەچچە ھەسسە ۋەيران بولۇپ.
شۇندىمۇ ئۆز-ئۆزەمگە مەدەت بېرىپ،
ئىشلىدىم ھەرجاپاغا كوكرەك كېرىپ.
ھەر يىلى ئۈچ مىڭدىن كوپ نومۇر ئېلىپ
ئىشلىسەم قويدى يەنە قەرزدار قىلىپ.
يىمىدىم ئايلاپ بىرەر تەملىك تاماق،
ئۈچامغا سالپىقى نىمىرىم سەككەن ياماق.
تەرتۆكۈپ، ئۈنچە-مارجان ئارزۇ قىلىشىپ،
تۆگەشتۇق ئۆز دېمىزمۇ رودۇلىشىپ.
ھارغىلىپ بۇئەلەملەر، داتسايتىمەن،
«كوللېكتىپ ئالدامچىكەن» دەپسايتىمەن.
باغلاندى ئاياق-قولۇم شۇ گەپ ئۈچۈن،
سازايى قىلدى ئۇرۇپ ئىبرەت ئۈچۈن.
ۋەزىپەم ھەممە قىيىن ئىشتىن قىيىن،
نەسىۋەم تاياق-دۇمبا ئىشتىن كېيىن.
قاخشىدىم، قاخشىغاننىغا باقمايدىكەن،
جان دېگەن چىڭ يەردىكەن، چىقمايدىكەن.
ئازنەمەس شۇندا ماڭا ئېچىنغىنى،
چىقمىدى قۇتقۇزۇشقا يېتىنغىنى.
ئۈچاغدا كادىرلارنىڭ ھالى چاغلىق،
كوپىنىڭ بېشى تۆۋەن ساڭگىلاغلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سېنىمۇ باغلاپ ئېلىپ كەتكەن ئىدى،
داڭزىدىغا «خائىن» قىلىپ پۈتكەن ئىدى.
ئېيتقىنا، كىممىز بار بولىمىدەك؟
يولىمىز بولدى سىرات كۆۋرۈكىدەك.
شۇپېتى ئولۇشىمنى سېزىپ يەتتىم،
ئامال يوق، يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ كەتتىم.
ئايرىدى يۇرتتىن شۇ بىر ئېغىز سوزۇم،
كەينىمدە قالدى مېنىڭ ياشلىق كوزۇم...

يولۇنۇپ يەتتە زاغرا، بىر قاپاقتا،
يول ئالدىم دەرتمەن بېشىم قايغان ياققا.
بىلمەسەم يول دېگەننىڭ دوڭ-ئويمىنى،
بىلمەسەم ياقا يۇرتنىڭ يەر-سۇ يىمىنى.
كورۇنەر ھەممە ماڭا چەكچىيگەندەك،
ئىتلارمۇ مېنى تونۇپ ھۆرپەيگەندەك.
تاغ-ئىدىر مېنى توساپ تۇتماقچىدەك،
دەريالار مېنى يالماپ يۇتماقچىدەك.
ئىزلىرىم خۇددى ماڭا ئايغاقچىدەك،
ئۇزسا بەم ئىزقوغلىغان پايلاقچىدەك،
چوڭ خەتلىك گېزىتلەر شۇم ئالامەتتەك،
«تۇتۇڭلار مەتقاسىمنى!» دېگەن خەتتەك،
قىلىغاندەك ھەممە نەرسە تەپتىش مېنى،
ئىلكىگە ئالدى قارا تەشۋىش مېنى...

يەركەندە تونۇش شوپۇر يولۇقتى-دە،
ئاپاردى ئورۇمچىگە بىرھەپتىدە.
ئۇچاغدا يادا كەتكەن ئۇرۇمچىمۇ،
كوپ ئىكەن ماڭا ئوخشاش يېتىمچىمۇ.
ئېپىنى تاپقىچىلىك بىرەر ئىشنىڭ،
نەشتەرى كەلدى سانچىپ قارا قىشنىڭ.
بىر مەزگىل جان ساقلىدىم سوكسوك يېتىپ،
بۇ ئىشمۇ ئەپلەشمىگەچ، بېشىم قېتىپ،
قىلغىلى تاس قالغاندا تىلەمچىلىك.
ئەسقاتتى بىر ھۈنىرىم — گىلەمچىلىك.
ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ كارخانىدا،
ئىشلىدىم باش چوكۇرۇپ پىنھانىدا.
ھۈنىرىم ياققاچقىمۇ باشچىلارغا،
بەك ئىجىل بولغاچقىمۇ ئىشچىلارغا،
ساق قالدىم «يېغىۋېلىش» بولغاندىمۇ،
كويمىگەن پاختا ئوخشاش يانغىندىمۇ...

كوپ ئوتمەي جاھان بىرئاز ئارام تېپىپ،
مەندىمۇ ئاستا-ئاستا تەشۋىش كېتىپ،
ئىشەشلىك چىقىپ باقتىم تالا-تۈزگە،
كورۇندى خېلى ئىللىق جاھان كوزگە.
ئاڭلىدىم كەلگەنلەردىن ئىلچىمدىن كەپ،
يۇرتتىكى ئەنسىزچىلىك تىنچىدى دەپ.
ئاڭلىدىم سېنى چىقتى تۇرمىدىن دەپ،
دەستۈردى يېڭىۋاشتىن ئورنىدىن دەپ.
بۇ يىل ياز تەككەن چاغدا يازغان خېتىمىڭ،
كەلدى-دە، كوز ئالدىمغا قىيا پېتىڭ.
ئەسلىدىم بىزگە ئاپەت قونغان يىلىنى،
يېزىدا كەپ، تەسىيە قوزغان يىلىنى.
سەن بىزگە قىلغان ئىدىڭ باشلامچىلىق،
توت-بەش يىل بولدى زەپمۇ ئوبدانچىلىق.
ئەگەشىپ ساڭا، پۇشمان يېمىگەن ئىدىم،
كوللېكتىپ ئالدامچىكەن دېمىگەن ئىدىم.
نەچچە رەت نەمۇنىچى بولغان ئىدىم،
تويى تارتىپ ئايخاننىمۇ ئالغان ئىدىم.
ئاردىن يىلمۇ ئوتمەي، ئىشىم ئوڭماي،
قەدىمىم داچىپ كەتتى ئالغا ماڭماي.
يولىگىم ئانام ئولدى سۇنۇپ بىلى،
بۇ ئىدى «مارشال تەختكە چىققان» يىلى.
چۇشەنمەي ئوچتى ئامەت چىرىغى دەپ،
ئايخاننىڭ ياراشمىدى ئەيىغى دەپ.
بىچارە خوتۇنىمۇ زار يىغلىتىپ،
خېتىمنى ئوپۇل-توپۇل بىر دۆۋىتىپ.
پېشكەلدىن قۇتۇلارمەن ئەمدى دېسەم،
تېخىمۇ رودۇلاشتىم يالغۇز ئوزەم،
سولاشتىم، ئوزەم بارۇ جېنىم يوقتەك،
بوپ قالدىم يېلى چىقىپ كەتكەن چاقتەك...
بىر كۈنى ئاخشىمى سەن يوقلاپ كېلىپ،
ھالىمغا ئېچىنىپ ھەم تەنقىت قىلىپ:
«...چىققىنمۇ خوتۇن قويۇپ مۇڭگۈز ساڭا،
پېشكەللىك كەلگەنمىدى يالغۇز ساڭا.

رەھبەرلىك چاغلىماستىن شالتاق ئېتىپ،
تۇيۇق يول ئاراقالدۇق لايغا پېتىپ.
سۇ كەلدى رەھبەرلىكنىڭ بۇرنىغىمۇ،

چۈشىدۇ ئەمدى ئىشلار ئورنىغىمۇ.
چېكى بار ھەر نەرسىنىڭ، ئوغۇل بالا،
ئۆزەڭنى تاشلىۋەتمە مۇنچىۋالا.
ئويلىمىشىپ، بۇزۇلغانلىنى تۈزىتەيلى،
ئۇنۇمىنى ئۈمىت بىلەن كۆزىتەيلى.
يىگىرداش بولما ئەمدى داخان بىلەن،
شاقىمدە يارىشىۋال ئايخان بىلەن...»
دىۋىدىلىك، كوڭلۈمدىكى گادا ئېرىپ،
لەۋزىڭنى ئالاي دېدىم ۋەدە بېرىپ.
ئايخانغا باردىم ئۆزەم ھوزۇر قويۇپ،
كەتمىدى ئۇمۇ ئانچە قۇسۇر قويۇپ.
دېگەنىدەك ئىزغا چۈشۈپ سىياسەتمۇ،
ئايىمدى زىرائەتمۇ - دارامەتمۇ...
ئۈچ-تۆت يىل ئۆتتىمدە، بىر قۇيۇن چىقتى،
كۆلكىلىك، قورقۇنۇچلۇق ئويۇن چىقتى.
ئەۋج ئالدى زوراۋانلىق ھىلە-مىكىر،
چىقىشتى يەر ئۈستىگە مۇنكىر-نىكىر،
چىقىمدى كۆتكەن يەردىن «زور ئىنقىلاپ»
قايتىدىن قۇرغان بىنا چۈشتى غۇلاپ،
نەس باستى مېنى يەنە شۇندىن بېرى،
نائېنىق ئىمدى ماڭا بۇنىڭ سىرى...
چىدالماي كوللېكتىپنى ئالدامچى دەپ،
ھاقارەت-دۆمبالىمۇ تويغىچە يەپ.
داتلىسام، دادىگاھقا سۆزۈم ئۆتمەي،
يۇرتۇمدا ساق قېلىشقا كۆزۈم يەتمەي.
بېشىمنى ئېلىپ قاچتىم چوك گۇرزىدىن،
مىلىك تەستە نېرى بولدۇم گور ئاغزىدىن.
ئېيىمدە، سەن شۇچاغدا-سولا نىماستا،
دېگەنتىڭ قولىغىمغا شۇنى ئاستا:
«ئوچىدۇ ئوتمۇ ئاخىر يېنىپ-يېنىپ،
تاپىدۇ قوزۇغىنى ئات ئايلىنىپ».
راست ئىكەن، ئەشۇ چاغدا دېگەن سۆزۈڭ،
يىراقنى كورۇپتىكەن سېنىڭ كۆزۈڭ.
ھەقىقى ئوغلىكەنسەن پارتىيىنىڭ،
تەسىرى جىق سىڭىپتۇ تەربىيىنىڭ.
دېگەنىدەك، قارا جۇدۇن ئۆتۈپ كەتتى،
بىراقتا دەردى جاندىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئىش قىلىپ، بۈگۈنكىگە شۈكرى دېدىم،
خەتتىكى سۆزلىرىڭنى توغرا دېدىم.
قالماي دەپ مەنمۇ يولدائەلدىن كېيىن
قايتىشقا بەلباغلىدىم شۇندىن كېيىن...

كېلىپلا كوردۇم خېلى ئۆزگۈرۈشنى،
خىيالغا كەلتۈرمىگەن ئۆزگىرىشنى.
بىر چاغدا قانيىغلىغان غەمكىن يېزام،
جاپادا ھالدىن كەتكەن ھارغىن يېزام.
شۇمشەيگەن رەڭگى سامان يۇرتداشلىرىم،
تەشۋىشتىن بېشى تۆۋەن يولداشلىرىم.
قەددىنى كۆتىرىپتۇ يىگىۋاشتىن،
قۇرۇپتۇ كورۈكى دەرتلىك قانلىق ياشتىن.
كىرىپتۇ خېلى ماغدۇر ئەزايىغا،
يۈگرەپتۇ خوشال كۈلكە چىرايىغا.
رەتلىنىپ ئېرىق-ئۆستەڭ، ئېتىز تەكشى،
ئايىپتۇ كوچە تالەرمۇ شۇنچە ياخشى.
يېڭى ئۆي، يېڭى مەھەللە بىنا بوپتۇ،
ھەر ئۆيدە ئېلېكتىرمۇ پەيدا بوپتۇ.
بولغاچقا ئىشلىگەنلەر چىشلەيدىغان،
بولۇپتۇ ھەممە قىزغىن ئىشلەيدىغان.
جاپاغا چۈشلۈق راھەت-ھاردۇغى بار.
مەلىدە گوشكىر دىنىڭ پۇرىغى بار.
مۇشۇنداق كوڭۇل ئەركىن ياييرايدىغان،
ھەريادا خوشال ناخشا ياڭرايدىغان،
كۈنلەرمۇ كېلىدىكەن قايتا بىزگە،
شۇنچە ئۈز كورۇنمەكتە يېزام كۆزگە.
قويغانىدەك خۇددى ياساپ كورگەزمىگە،
قاتقىدەك بوپتۇ تازا كۆي-نەزمىگە.
دەيمەن: بۇ، ئۆزگىرىشنىڭ باشلانمىسى،
شۇنىڭمۇ ئاز ئەمەسكەن ھەشقالمىسى،
ئىش ماڭسا، چېچەك چىقماي مۇشۇ پېتى،
تېخىمۇ گۈل بولىدۇ ئاقىۋىتى.
ئىش قىلىپ، ئۆگۈشۈلۈپتۇ يۇرتۇم شۇنچە،
ھەسسەم يوق بۇ ئىشلاردا، ئامال قانچە.
شۈكلاشقا يېشىم ئاقسا خوشاللىقتىن،
بىر تۇرۇپ ئۆھ تارتىمەن خىجالىقتىن.

قىلمىدى ھېچكىم تاپا-تەنە ماڭا،
قارايدۇ سۆيۈنگەندەك ھەممە ماڭا.
ئۇچىشالىغان يېزام ماڭا كۈلۈپ تۇرسا،
ھەمدەملىك قولىمىرىنى سۇنۇپ تۇرسا،

مەن ئاڭا يەنە تەتۈر قارامدىمەن،
چىرايلىق جاۋاپ بەرمەي تۇرامدىمەن.
ئىشلەيمەن كوللېكتىپكە ھەقدار بولۇپ،
قالىمەن زامانىمغا قەرزدار بولۇپ.

1981-يىل ئەتىياز. خوتەن—ئۈرۈمچى.

# ئەجدات روھى قايتىپ كەلگەچقېشىمغا

مەتقاسىم ئابدىراخمان

كىچىككىنىمدە ئاڭلىغانىدىم مومامدىن،
«چۈشكە كىرگەن ئىشنى قىلار پەرەڭ»دەپ؛
قايىل بولماي، تەئەججۈپتە سورايتتىم:
«نە ئۈچۈن يوق بىزدە شۇنداق دىت، تەلەپ؟»

گۆدەك ئەقىل، سەبىي خىيال ھەمىشە،
«نىمىشقا»نى تاشلىماي يەتتى زادىلا،
«ئىشلەتكەندە غەرپلىكلەر پاراۋۇز،
بىز مىنەمدۇق سوكۇلدىتىپ ئات، كالا؟...

نەرىمىز كەم ئەشۇلاردىن بىزنىڭكى؟...»
دەپ، بولاتتىم بۇھالەتتىن بىئارام،
ياش ئۇلغىيىپ، ئوقۇپ، ئەقىل ئۆسكەندە،
ئەجدادلارنىڭ شەجەرىسى قىلدى رام:

...يازمىلارنىڭ كارۋىنىغا ئەگەشتىم،
سەيلە قىلدىم قەدىم يۇرتۇم نىرانىنى (1)
ئۇندا كۆردۈم نەپىس سەنئەت ھۈنەرنى،
كۆردۈم بوۋام-مەرىپەتلىك ئىنسانىنى!

چىقمىغانىدا پەرەڭ تېخى ئورمانىدىن،
قەددىكۆتەرگەن بۇندا ئېگىز مۇنارلار،
ياسىنىشىپ شايى كىيىپ قىزلىرى،
زىلچى بىلەن توشقان دۇكان، بازارلار.

بۇندا بولغان ئاشپۇزۇللار، تۇنۇرلار،
يەتتىخىلقى پىششىق تاماق، ئاش-نانىنى،
خەق قىلمىشا ماياقسا ناپ ھىساۋات،
بوۋام قەغەز ئىشلەپ، يازغان «دىۋان»نى...

رىياللىقنىڭ تولپارىنى چاپتۇرۇپ،
سەيلە قىلدىم قەدىمى يۇرت—يوتقانىنى (2).
ئەنە يوتقان، ئەھلى شۇەنجاڭ راھىپقا،
ئۆگەتمەكتە ئۆزى بىلگەن-ئوقۇغانىنى.

مۇددىئاسى يىپەك، زىلچى-تاپاۋەت...
ئاقار، كارۋان مەلىك ئاۋات (3) بىزى (4) گە.
«ئىنىخ كارامەت، نىمە دېگەن نەپىسلىك؟»،
دېيىشمەكتە بىر-بىرىگە، ئۆزىگە.

دېيىشمەكتە «ئىلمۇ، ئىرپان، ھۈنەر-كەسىپ-
بابىدا بىر تەڭ تېپىلماس جاھانىدىن...
تارىلىپتۇ يەر يۈزىگە مەرىپەت،
تەكلىماكان باغرى مۇشۇ ماكانىدىن.»

(1) نىران — نىيا قەدىمى شەھىرىنىڭ ئاتىلىشى. (2) يوتقان:— يوتقان قەدىمى شەھىرى
(3) مەلىك ئاۋات—قەدىمى خوتەن. (4) بىزى—خوتەن قەدىمى شەھىرىنىڭ ئىزىسى.

يازمىلارنىڭ كارۋىنىدىن ئايرىلىپ،
لەزەرسالدىم ترنۇگۇنگە-ئوتمۇشكە .
ئەپسۇس بىلەن باقتىم دىلىم ئېچىشىپ،
«توت ئىنجاسەت» زورى قىلمىش-ئەتمىشكە .

«...كۆيدۇر، بۇز، چاق قەدىمقىنىڭ بەرىنى،
ئۇ—فېئودال، بۇرژۇئانىڭ نېمىسى .
«توت كونا» نىڭ گۇناھى جىق، بىيگىپەرەك،
ئەستىن چىقسۇن ئۇنىڭ كەشپ ئىگىسى!!...»

زىيانداشلار سوقتى شۇنداق پەرماننى،
مەجبۇر ئىدى شۇبۇيىچە قىلمىشقا .
مەجبۇر ئىدى مىراسلاردىن قول ئۈزۈپ،
ۋارىسلارنى ئەجداددىن تېنمىشقا .

ياۋئەلپازى تەسەۋۋۇرغا سىغمايتتى،
كەلگەن ئىدى ئۇنىڭ ئادەم يىگۈسى.
راس، ئۇچاغدا ئۇياتمىسا مەلئۇنلار،
بارتتى «مايمۇنلۇققا قايتىقىن» دېگۈسى

x x

باھاركەلدى، تاڭ يورىدى قايتىدىن،
قۇرۇپ، قاخشال بولغان باغلار كۆكەردى.

تۆھمەت، يالغان-ياۋداقلار ئاخىرى،
بىر تېپىمكتە «قاسقىننى كوتەردى»!.

پارتىيىمىز مەنزىل-نىشان كۆرسەتتى،
«بۇزۇلغان»نى تىكلەپ زەپەر بويلۇدۇق.
قارائەمگەك جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ،
ئېقىل (بىلىم) بەھرىدىن توي ئوينۇدۇق.

ئىجاتكارنىڭ ئەركى قايتقاچ قولىغا،
كەلدى پۇرسەت «بىلمىگەن»نى «بىلمىش»كە.
پەرەڭ قىلسا كۆرگىنىنى چۈشىدە،
بىز ئويغاقلار قىلالمايمىز نېمىشكە؟.

دەل شۇروھتا يۈرۈش قىلدۇق ئوتكەلگە.
يېڭى ئىمران، يېڭى يۇتقان قورغىلى.
قاراپ تۇرسۇن بىزنى كوزگە ئىلمەسلەر،
كېلەر تېخى ھاڭ-تاڭ بولۇپ كۆرگىلى!!.

x x

قاناتلىنىپ ئۇچتى ئىلھام ھىسلىرىم،
ئەجدات روھى قايتىپ كەلگەچ قېشىمغا .
يازدىم شۇڭا، ئومرىم بويى يازىمەن،
ئىقبال قوشى قونغاچ بۇدەم بېشىمغا!.

# رۇبائىلار

## قادىر تۇردى

باشلىق ئادىل—يېقىلغاننى يۆلەيدۇ،
ئادىللىقى قىڭغىرلىقنى تۈزلەيدۇ.
خىسلەتلەرنىڭ تاجىسى بۇ بىلسىڭىز،
دەۋران مۇشۇ خىسلەت بىلەن گۈللەيدۇ.

مۇرات تاپار مۇشەققەتتىن قورقمىغان كىشى،
قەدىرلىكتۇر پەن گوھەرى توپلىغان كىشى.
قۇربى يەتمەس ھېچبىر ئىشقا، قالار بىقۇۋۋول-
ھورۇنلۇقنىڭ كارۋىتىدا ئۇخلىغان كىشى.

قىران بۇركۇت كۈچ-قۇدرىتى بىرجۇپ قاناتتا،
ئىنسان كۈچى ھەم قىممىتى ئەقىل ساۋاتتا.
مەھرۇم قالساڭ سەن ئەگەر دە ئىلمۇ ھىكمەتتىن،
لەززەت بولماس ئەمايەگىلىغ ئۆتكەن ھاياتتا.

بىر كورۇپلا «دىلبىر دېمەن ئاپپاق» دېمىگىن،
ماڭلايدىكى تەرئىزنى ئالۋاق، دېمىگىن.
يار تاللىساڭ قەلب تاللا، چىراي ئىزدىمە،
قەلبى ئۇزنى «چىرايسەت، پاخپاق» دېمىگىن.

# قىتئە

## ئابلىمىت ئابدىراخمان

نادانلىق ئادەمگە كېسەللىك-ئىللەت،
نادانda تېپىلماس ئېقىل ھەم خىسلەت.
مەرىپەت چىرىغى ياققىن دىلىڭغا،
شۇندىلا تاپىسەن كۈچ ھەم ھەقىقەت.

# ئۈچ شېئىر

مەمتىمىن قۇربان

## ئۆلگە قىلاي تالنى مەن

تالنى كۆرۈپ دوڭغاق دەيدۇ نادانلار،
چۈشەنمەيدۇ كەمتەرلىكنى-سالامنى.
تال ئىنسانغا تۇرار شۇنداق ئېگىلىپ،
«قوبۇل قىلىڭ،-دەپ-مېۋەمنى-سوغامنى».

خەلقىم ئۈچۈن پەس تۇتۇمەن بوينۇمنى،
ئۆلگە قىلىپ ئەشۇ كەمتەر تالنى مەن.
رەنجىمەيمەن دۈمچەك دېسە چۈشەنمەي،
ئايىمايمەن ئەلدىن ئۆزۈم-بالنى مەن.

## دوستۇم بولساڭ...

سۆز بولغاندا سەمىمىلىك ھەققىدە،
مەن ئەينەكنى كەلتۈرۈمەن يادىمغا.
چىرايىمدا نېمە بولسا يوشۇرماي،
كۆرسىتىدۇ قويسام ئۇنى ئالدىمغا.

دوستۇم بولساڭ ئەيۋىمنى سۆزلىگىن،
يۈز-خاتىرە قىلما ئەشۇ ئەينەكتەك.
ئەگەر كېيىن دۈمۈلىسام بىراقلا،
ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاشلىرىڭ نەكېرەك!؟

## تاشقا قاراپ...

ئۇرۇلسا ياڭاقنى قىلىدۇ كۇكۇم،
بازغاننىڭ ئاستىدا بولىدۇ تالقان.
يوۋاشقا زالىمدۇر يامانغا بوزەك،
تاش مۇشۇ ئىللەتتە مەۋجۇتتۇر ھامان.

تۇرمۇشتا تاش كەبى ئادەملەرمۇ بار،
ئاجىزنى قورقۇتار، قورقار كۈچلۈكتىن.
ئويلايمەن: غۇرۇرسىز زەئىپ يۈرەككە،
يوقىمۇ بۆكىبەل ئىتتىن-كۈچۈكتىن!؟

# ئىككى شېئىر

ئوبۇلسادىق تۇرسۇن

## ياشلىق

ياشلىق دەۋرى-بىباھا پۇرسەت،
ئۆمۈر تۇرماس ھەرگىز بىر تەرزدە.
پۇرسىتىمنى ئۆتكۈزسەڭ بوشقا،
ئۆمرۈڭگە سەن قالىسەن قەرزدە.

شۇڭا ياشلىق دەۋرىڭنى دوستۇم،
قەدىرلىگىن، ئۆگەنگىن ھامان.
كېتەۋەرسە مەنىسىز ئۆمۈر،
قېرىغاندا يەيسەن پۇشايمان.

## باتۇرانە ھالقىساڭ...

ھۆر ھاياتنىڭ مەنزىللىرىگە،
ئىنتىلىدۇ يۈرۈگۈڭ، بىراق-
قۇرۇق تاما-ئىنتىلىش بىلەن،
مەنزىل قالار ئۆز پېتى-يىراق.

مۈشكۈلاتنىڭ داۋانلىرىدىن،
باتۇرانە ھالقىساڭ پەقەت،
شۇچاغدىلا مەنزىل يېقىنلاپ-
قۇچاق ئاچار ھۆرھايات ئەبەت.

# ئېكران تەسىراتلىرى

ياسىن ھاۋازى

خىزمەتتىن چۈشكەندە، ئارام كۈنىدە،
تېلېۋىزور يا كىنو كۆرمەكلىك ھەۋەس.
ۋۇجۇدۇم چۆمۈلەر شاتلىق ھىسسىغا،
مەن ئۇنى كۆرگەندە ئېلىپ يېڭى دەرس.
شۇ ھىسلار بېغىدىن گۈلدەستە تىزدىم،
شۇ دەرستىن تەسىرات چۈغلىغاچ پەۋەس...

## «يول باشلىغۇچى» كىنو فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن...

I

ئانا يەر چۆلمۇ ئوخشار گۈلباغقا،
زەڭ سالساڭ زوقتا شۇ ئېزىز تۇپراققا.
تارىمنىڭ قۇچىقى ئۆز ئۈچۈن جەننەت،
ياتلارنى تاشلايدۇ ۋەيلۇن دوزاققا.

II

ئەجدادىنىڭ ئىستىكى ئەۋلادقا مىراس،
«ئورۇققا تارتىمدۇ مۆنسى» بۇ ــ راست.
بوۋىسى ئىزدىن چامدىغاچ نەۋرە،
مەلئۇننى جېنىدىن ئەيلىدى خالاس.

III

چۆل دىمەك كۆرۈپلا قۇملۇقنى ياندىن،
قۇمــلارنىڭ «تەكتى» دە ـ ئىزنا «ماكان» دىن.
ئەمدىكى سەيلىگاھ، ھوسۇللۇق مەيدان،
يارالغان ئەجداتلار، توككەن تەر ـ قاندىن...

## «قايتىشقا ئىنتىلىش» كىنو فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن...

جەڭچىسىز قوشۇن بولماس، قوشۇنسىز چېلىمىش،
چېلىشىمىز قايدا تاڭ، ھۆرلۈك، گۈللىنىش؟
ۋۇجۇدى ھۆرلۈكتەپ يانغان جەڭچىنىڭ ،
قارىڭا، قەلبىدە سۆيگۈ-ئىنتىلىش...

## «مارشالنىڭ ئۆلۈمى» كىنو فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن...

جانىنى ئالقانغا ئېلىپ ياراتسا تاڭ،
تاڭ نۇرى ئاڭا بۈگۈن يار بولمىدى.
ئاچسا يول گۈلزارغا ، چاتقالنى كېسىپ ،
ئاخىرى ماڭغىلى يول بار بولمىدى.
قاتمۇ-قات تۆھمەت تېغى باستى ئۇنى،
دادىغا يېتىپ سورارلار بولمىدى.
ۋادەرىخ، كەتتى ئۇنىڭ كۆزى ئوچۇق ،
تۆھپىنى تۆھمە تىلىسە كار بولمىدى.
شۇقارا ئونيىل ئىچىدە نە ئۈچۈن،
ياۋ خوشال، دوستقا ۋاپادار بولمىدى؟

1981- يىل 25- مارت. بېيجىڭ.

# مۈشۈكنىڭ «گۇنايى»نى چاشقاندىن ئىگەللەش

ئابدۇللا توختىياز

بۇرۇنقى زاماندا يولۋاس پادىشا، مايمۇن ۋەزىر، مۈشۈك ئامبارچى ئىكەن. پادىشا ئادىل ئىكەن، ۋەزىر ئالدامچى ئىكەن.

پادىشا يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ، ۋەزىرلەر ھوقۇق ماراپتۇ، مۈشۈكلەر خەزىنىگە ياخشى قاراپتۇ. ئەل ئاۋاتلىشىپ، خەلق بېيىپتۇ، دۆلەت كۈچىيىپتۇ، مۈشۈكنىڭ تىرىشچانلىقى پادىشاغا راسا ياراپتۇ، لېكىن قارانىيەت ۋەزىرلەر ياندىن ماراپتۇ. يىللار ئۆتۈپ پادىشا قېرىپتۇ، ئۇزۇن يىل ئىشلەپ ھېرىپتۇ، ماغدۇرى كېتىپ بېشى قېيىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا بىر يامان چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە پادىشا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. پادىشا كۆرگەن چۈشىدىن قورقۇپ چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ، ھەسرەتچېكىپ ھەر تەرەپكە تولغىنىپتۇ. ۋەزىرلەرنى يىغىپ بۇ يامان چۈشنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ. پادىشانىڭ تىلىدىن شېكەر، دىلىدىن زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان مايمۇنخان نامىلىق بىر ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇ كـوزە يىغىگىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ سۆز باشلاپتۇ:

— پادىشانىڭ ئاتتىن يىقىلغانلىقى، — دەپتۇ ئۇ ھىلىگەر كۆزلىرىنى ئويناتماي، — ئۇنىڭ ئىشىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقىدىن، ھازىرچە بۇ چۈش بولسىمۇ، كەلگۈسىدىكى رېياللىق. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ تەدبىر قوللىنىپ، توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاپ، يولنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك.

— ۋەزىرنىڭ سۆزى توغرا، — دەپتۇ باش ۋەزىر قوشۇمچە قىلىپ، — ھازىر مۈشۈك كۆرۈنۈشتە ياخشى ئىشلەۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما كېچىلىرى ئۇخلىماي مارىلاپ يۈرىدۇ، ئېھتىمال پادىشاغا ئورا كولاۋاتسا كېرەك.

باشقا ۋەزىرلەرمۇ چوقان كۆتۈرۈپ، بۇ سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپتۇ.

— يېنىكلىك قىلىشقا بولمايدۇ، — دەپتۇ پادىشا چوڭقۇر خىيال سۈرگەن ھالدا، — باشقىلارنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، «بىزنىڭ مۈشۈكلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ياخشى»، ئۇلار كېچىسى ئۇخلىماي غەزىنىگە ئوغرىلىققا چۈشكەن چاشقانلارنى تۇتۇپ، خەزىنىنى قوغداۋاتىدۇ، دېيىشىدۇ. لېكىن سىلەرنىڭ گېپىڭلار ئويلىمىغان يەردىن چىقتى.

پادىشانىڭ بۇ سۆزىدىن ۋەزىرلەرنىڭ چالمىسى سۇغا چۈشۈپتۇ. لېكىن ئۇلار

زادىلا جىم ياتماپتۇ. ھەركۈنى مۈشۈك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ بىرسى «مۈشۈك ئوغرىلىق قىلىۋاتىدۇ» دىسە، يەنە بىرسى «ھوقۇق تارتىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ» دەيتتۇ. ئاخىرى پادىشا مۈشۈكنىڭ ئەنزىسىنى تەكشۈرۈشنى ۋەزىرلەرگە تاپشۇرۇپتۇ. ۋەزىرلەر قانچە تەكشۈرۈپ باقسىمۇ مۈشۈكتىن ئەيىپ تاپالماپتۇ. ئاخىرى مۈشۈكنىڭ ئەنزىسىنى چاشقانلاردىن ئىگەللىمەكچى بوپتۇ. چاشقانلار «مۈشۈكتىن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ پۇرسىتى كەلدى» دەپ بىلىپ، ئۇز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، كېچىسى ئۇخلىماي غەزىنىنىڭ تامىرىنى تېشىپ، بىرقانچە يوچۇق ئېچىپتۇ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي شىكايەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

— مانا بۇ مۈشۈكنىڭ غەزىنىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئاچقان توشۈكى — دەپتۇ بىر چاشقان.

— مەن ئۆز كوزۈم بىلەن كوردۈم، — دەپتۇ يەنە بىر چاشقان — ۋەزىر مۈشۈ توشۈك ئارقىلىق خەزىنىدىن نۇرغۇن قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ كەتتى.

— مۈشۈ توشۈك ئارقىلىق سۇ باشلاپ، خەزىنىنى ۋەيران قىلماقچى بولدى، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— مۈشۈك ئەزەلدىن تارتىپ كېسەل مىكروبى تارقىتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنى يوقاتماق، ئالەمنى ئاغرىق-سىلاق باسىدۇ، — دەپتۇ يەنە بىرى.

چاشقانلارنىڭ شىكايىتىدىن مايمۇنخان باشلىق ۋەزىرلەر ئىنتايىن خوشال بولۇشۇپتۇ، ئۇلار دەرھال چاشقانلارنى تەشكىللەپ، بىرمۇنچە يالغان ماتېرىياللارنى توپلاپ، پادىشاغا يوللاپتۇ. مايمۇنخان باشلىق ۋەزىرلەر يوللىغان ماتېرىيالنى كورۈپ پادىشا ئىنتايىن غەزەپلىنىپتۇ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مۈشۈكنى ئامبارچىلىقتىن ئېلىپ تاشلاپ، بىر قېرى چاشقاننى ئامبارچىلىققا بەلگىلەپتۇ.

بۇنىڭدىن خوشاللانغان چاشقانلار غەلىبە شەنىگە بىرقانچە كۈن مەشرەپ ئويناپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، غەزىنىنىڭ ھەممە تەرىپىنى تېشىپ، ھو تېمە-توشۈك قىلىۋېتىپتۇ. بۇ توشۈكلەردىن خالىغانچە ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ، ئۆز ئۆيلىرىگە توشۇپتۇ. بۇنىڭغىمۇ قانائەتلەنمەي، ئېرىق-ئوستەڭلەرنى تېشىپ، غەزىنىگە سۇ باشلاپ، غەزىنىنى ۋەيران قىلىپ، لاي ئاستىدا قالدۇرۇپتۇ. غەزىنىگە باشلىغان سۇ پادىشا ئوردىسىغىمۇ ئېقىپ كىرىپ، ئوردىغىمۇ چوڭ خەۋپ يېتىپتۇ.

— بۇ نېمە ئەھۋال؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— نېمە ئەھۋال بولاتتى، — دەپتۇ مايمۇنخان ۋەزىر، — مۈشۈك تېشىپ قويغان توشۈكتىن سۇ كىرىپ ئوردىنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ.

پادىشانىڭ بېشى گاڭگىراپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ.

پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، چاشقانلار پادىشا سارىيىغىمۇ تىشىپ كىرىپ، خان ئوردىسىدىن ئورۇن ئېلىشىپتۇ، پادىشا سارىيىدىكى نازۇ-نېمەتلەرنى ئۆزى يەپ، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئوغرىلاپ ۋەزىرلەرگە ئەچىقىپ بېرىپتۇ. چاشقان بەدىنىدىكى مىكروپ ئوردا ئىچىگە تارقىلىپ، پادىشا كېسەل بولۇپ يېتىپ قەپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ۋەزىر مايمۇنخان تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپتۇ. ئۇ چاشقانلارنىڭ قىلماقان ئىشلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپتۇ ۋە كۆز قىرىدا ئىشارەت قىلىپ، پادىشا ياتقان ئۆينى كۆرسىتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنگەن چاشقانلار بىر كېچىنىڭ ئىچىدە پادىشا ياتقان ئۆينىڭ تېگىنى تېشىپ، تامنى ئورىۋېتىپتۇ.

بۇ ئەھۋالغا مۇشۇكلەر چىداپ تۇرالماپتۇ. ئۇلار بىردەك ھەركەتلىنىپ پادىشانىڭ ئۈستىگە يىقىلغان تامنىڭ تاش-كېسەكلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، پادىشانى قۇتقۇزۇپ قېپتۇ. ئەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم باشلاپ، ياۋۇز نىيەت چاشقانلارنى يوقىتىپ، يۇرتقا تېچلىق ئورنىتىپتۇ.

ئالدامچى ۋەزىرلەرنىڭ ياۋۇز نىيىتى ئاشكارىلىنىپ، خەلق-ئالەم ئالدىدا رەسۋا بوپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، خەلق خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ، دۆلەت باياشاتلىققا قاراپ مېڭىپتۇ.

## ھاياتنىڭ قىممىتى

ساۋۇت روزى

شاخ-شاخلاردا كۆز چاقنىتىپ جۇلالاپ،
قىزىل ئالما بېزەكلەپتۇ باغلارنى.
شوخ شامالدا ئۇنىڭ خۇشخۇي پۇرىقى،
قاپلىۋاپتۇ ئېتىز، يايلاق، تاغلارنى.

بۇيەر ئىدى تۈنۈگۈنلا قاقاس چۆل،
ئالما تۈگۈل بىر تۈپ گىيا يوق ئىدى.

بۈگۈن بۇيەر ئەجەپ كۆركەم تۈس ئاپتۇ،
نەگە بارساڭ ساپ ھاۋادا گۈل ھىدى.

چۆلدە شۇنداق گۈزەل باغلار ياراتقان،
خەلقىمىزنىڭ ئىشچان قولى-مېھنىتى.
ھور ۋەتەننى ساپ تەر تۆكۈپ تېخىمۇ،
گۈلزار قىلىش بۇ ھاياتنىڭ قىممىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# شېئىرلار

مەھەممەت ئىمىن

## رەيھان بەرگىدە شەبنەم...

ئۈنچىدەك چاقنايدۇ شەبنەم تاڭدا رەيھان بەرگىدە،
ئەسلىتىپ خالىنى ھۆرنىڭ، ئۆز نازاكەت ئىلكىدە.

دېمە ئۇ غايىپ، تومۇزنىڭ ئاپتىۋى چۈشكەن مىنۇت،
جىلۋىسى قالغاي شەپەقتەك چوغلىنىپ نۇر ئەكسىدە.

مەھلىيا قىلماق يۈرەكنى گۈلگىلا باقى ئەمەس،
تۇرسا باپ بىللە، ھۆسنۈن قوشقان گۈزەللىك تەختىدە.

دىلبىرىم، باقما سىڭا يان، كىم دىگەي ھۆرنى گۈزەل،
تۇرمىسا ئايدەك يۈزىدە يارىشىپ خال مەڭزىدە.

گۈل بولۇپ تۇرغايمۇ رەيھان بولمىسا ياپراقلىرى،
ئويغىتىپ دۇنيا مۇھەببەت ئىشقى ئوتلار قەلبىدە؟

ياسىنار كۆركەم كېلىندەك رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر بىلەن،
ئويلىغىن ئۇنسىز باھارنىڭ نەدە كۆركى ئەسلىدە؟

شۇڭا، ئەي شەبنەم، گۈزەللىك شاھىنى رەيھان دىسەم،
سەن ئۇنىڭ تاجى، نۇرانە چاقنىغان گۈل پەسلىدە!

چۈشسە ئۇسسۇلغا كېپىنەك، باشلىسا بۇلبۇل ناۋا.
چاچىسەن تىللا، ئۇچۇملاپ، ئۆزگىچە ئىنئام تەرقىدە.

شىرنە-بال يىغماققا ھەسەل ھەرىسى سۆيسە چېچەك،
سۇنىسەن ياپراقنى زۇمرەت جام قىلىپ مەي، بەزمىدە.

شائىرلىك، ھۆسنۈڭگە شەيدا، ئەي گۈزەل تاڭ شەبنىمى،
نۇرلىنىپ چاقنا تېخىمۇ، سېنى كۈيلەي نەزمىدە.

## نوزوگۇم

تۇغۇلۇپ ئەل زارىدىن،
يوقسۇلنى جەڭگە باشلىدىڭ.
تىغ ئۇرۇپ تۈن كۆكسىگە،
دۈشمەننى گورغا تاشلىدىڭ.

جان تىكىپ، ئالتۇن دىيارغا
تىكلىدىڭ ھۆرلۈك تۇغى.
بولدى كۆل قۇللۇق كىشەنى،
ئۇلغۇيۇپ ئارمان چوغى.

چوچۇپ جاھالەت قوزغۇنى،
سالدى چاڭ دەھشەت بىلەن.
ھۆرلۈك ـ ئادالەت لاچىنى،
بولدى قان ھەسرەت بىلەن.

ساپ قېنىڭ تارىخقا سالدى،
شان قوچۇپ ئۆچمەسكە ئىز.
يادىڭ ئېتەر نامىڭنى مەڭگۈ،
ئەركە تەشنا خەلقىمىز.

## لاچىن قىقاسلىرى

جەڭگە چىللاپ جاراڭلىق ناخشاڭ،
ئويغۇتىدۇ ئۇپۇق قىزىنى.
چاقناپ بېستىڭ شەپەق ئەكسىدە،
بويلار كۆزۈڭ ياتلار ئىزىنى...

زەپەرگە يارمەردانە ناخشاڭ،
ئۇزۇتىدۇ كۈننى تاغ تامان.
ئاي قەسرى كەلسە لەرزىگە،
پەرى تىڭشار زوقلىنىپ ھامان...

چاقماق سىڭگەن قىقاسلىرىڭغا،
قولاق سېلىپ سۈرىمەن خىيال.
شېئىرغا ئاشنا كۆڭلۈم بېغىدا،
ئۈمىت بىخى كۆكلەر بىمالال:

سالسام قىقاس سېنىڭدەك مەغرۇر،
تىترىسە ياۋ خۇددى توشقاندەك؛
بولمامدىمەن ئىجات غەزنىگە،
داتلىماس گاك خەنجەر قوشقاندەك!

## ھىسسىيات ئۇچقۇنلىرى

سىدىق قاۋۇز

كەزدىمەن دىيارىم گۈلشەنلىرىنى،
گۈلۈستان باغرىغا باغرىمنى ياقتىم.
تەبەت چاقىردى سوھبەتكە مېنى،
ئوتلۇق ھىس- تۇيغۇلار مەۋجىدە ئاقتىم...

### بۇلاق

زېمىنىڭ تەكتىدىن قاينىپ ئېتىلىپ،
تېنىمسىز ئوخچۇيدۇ بۇلاقلاردىن سۇ،
چىمەنلەر لىۋىگە سويۇپ شادىمان،
گۈلباغلار قويىنىغا ئاقار دائىم ئۇ.

مەن دىسەم: تەشنالار شىپاسى بۇلاق،
كۈيلىسەم شەنىڭنى قانمايەن ئەبەت.
ئۇ دىدى: ئەي شائىر، تەرىپكە لايىق،
ئانا يەر، ئۇ ماڭا بەرگەنغۇ شەرۋەت ...

## قار سۈيى

«سۈلدۈرار گۈللەرنى تومۇز قىزدىغى،
مايسىلار لەۋزىنى ئېچەر كەز-كەز چاك.
قار سۈيى، سەن بىلەن ياشنار گۈل-گىيا،
مۇراتقا يېتەلدۇ چاڭقاق زېمىن-خاك...»

دېگەنىدىم ئاشۇنداق، دېدى قار سۈيى:
— ئاتىمغا مۇناسىپ ئەمەس بۇ سۈپەت.
شەرۋەتكە ئايلىنىش نەدىدى ماڭا،
گەر قۇياش نۇرىدىن ئالمىسام مەدەت...

## مەرۋايىت بىلەن شەبنەم

— ئالدىمدا خەسكىمۇ ئەرزىمەس شەبنەم،
دېگەنىتى مەرۋايىت كوز سېلىپ قىيا.
— ياق، —دېدى شەبنەمۇ ئاڭا جاۋابەن،
سورايلى كىمگە بەك ئامراق گۈل-گىيا؟...

ناھاتكى مەرۋايىت سويەمەس غۇنچىنى،
بولالماس شەبنەمۇ ئۈنچە- مەرۋايىت.
ئۆز ئارا كەمسىتىش نە كېرەك ئىدى،
ئەمەسمۇ ھەر خىسلەت ئۆزىگە لايىق؟...

## گۈل ۋە يامغۇر

شاتلىنىپ گۈل-گىيا دېدى يامغۇرغا:
— تامچىڭىز ياشناتتى گۈلۈم بەرگىنى.

— باھارغا رەھمەت ئېيت، —دېدى يامغۇرمۇ،—
ئۇنىڭسىز مەن نەدە، ئويلاپ باقىڭنى؟...

## قېرىنداش ۋە ئوچۇرگۈچ

— دوستلۇقنى خالىدىڭ نىچۈن مەن بىلەن؟
قەلەمگە ئوچۇرگۈچ قويدى سوئال-سوز.
— چۈنكى سەن خاتانى تۈزەشكە قابىل،
دېدى-دە، قېرىنداش تىكتى ئاڭا كوز.

ئويلۇدۇم: «ئىنسانلىق تەبىئەتىدە،
بولالماس بەزىلەر قېرىنداشچىمۇ.
كىمىردىن مېھرىنى ئۈزمىگەنلەرگە،
قېرىنداش خىسلىتى ياخشى ئول-گىمغۇ؟!...»

## شىرە بىلەن ئورۇندۇق

شىرەگە ئېيتتىمكى ئورۇندۇق مەيۇس:
— بەختىڭ بار، ھەممەدىن مۇتەۋەر، باسەن،
قۇچىغىڭ نىمەتكە تولغان غەزىنە،
تارتما ئىدازەر- ئۈنچە، چاقىنغان ئايسەن.

— يىغىنىدا، مەكتەپتە، ئۆيدە، باغچىدا ...،
خىزمىتىڭ ۋە تۆھپەڭ كۆپ ئارتۇق مەندىن،
ئىككىمىز بىر تۇققان ئەمەسمۇ ئويلا،
مۇساپىر بولارمەن ئايرىلسام سەندىن؟...

بىراق، مەن — قەدىرسىز، ئىنسانلار ئۈچۈن
ئورۇندۇق . بولۇشتىن يوق ئىشىم بۆلەك...
— بۇرادەر رەنجىمە، —دەپ ئېيتتى شىرە،
كىشىلەر يايرامتى بولمىساڭ يۆلەك؟

سۇئالدىن مۇقەررەر سوئال تۇغۇلار،
ھالبۇكى تەپەككۇر يەتمىگەن چەككە،
ئەشۇنداق تەقسىمات قىلىسىمۇ تۇرمۇش،
جاھاندا ھېچنەرسە ئەمەستۇر يەككە!...

## تەشەككۈر

باغدەيدۇ: گۈل بىلەن ھۆسن-جامالىم،
گۈلدەيدۇ: ھۆسنىنى ماڭا گۈل بەرگەن.
ياغدۇردى باغۋەنگە ئورتاق تەشەككۈر،
دېمەك ئۇ باغ ياساپ، قىزدىل گۈل تەرگەن.

## كەمتەرلىك

مەن دېسەم: ئاي يورۇق، كېچىگە سۇلتان،
ئۇ تۈنىڭ چىرىغى، ھۆسنى سۈتتەك ئاق.
ئاي دېدى: نۇقساندىن ئەمەسمەن خالى،
قارا داغ كورسەن، قېنى ماڭا باق...

## دەل-دەرەخ خىسلىتى

جاھاننىڭ زىننىتى-كوركى ئەي دەرەخ،
تەبىئەت سەن بىلەن ياساندى پۈزۈر.
قاچاندا، قەيەردە بولمايلى مېھمان،
يايرىغاي سايەڭدە كوڭۈل بەھۇزۇر.

قوغدايسەن مۇھىتنى پاسىۋان بولۇپ،
كىيىمدۇ جەزىرە، تاغلار سەندىن تاج.
ئەڭ كىچىك چوكىدىن ئىمارەتكىچە،
بار ساڭا ئالەمدە قانچە ئېھتىياج.

توت پەسىل ھاياتلىق زوقىنى سۈرۈپ،
ياشايدۇ ئىنسانلار سېنىڭ بىلەن شات.

باھاردا گۈل، يازدا بېرىسەن مېۋە،
ئايازدا ئوت... سەن بارچەكىمە يېمىز پەريات.

سىڭدۇرگەن تېرىقچە ئەجرىمىز ئۈچۈن،
ئالىمىز سېنىڭدىن تاۋۇزدەك بەھىر.
يېتىلسە بىزدىمۇ سەنكەبى خىسلەت،
مەئىشەت تاپاتتى بۇ ئۇلۇغ دەۋر.

★

دىلىمغا كۈچ ئالدىم شېرىدىن سوھبەتتىن،
كەمتەرلەر خىسلىتى بولدى يار، ئۈلگە.
تەمەننا تەختىگە ئوت ياققىن سىدىق،
ھاياتلىق بوستانى ئورالسۇن گۈلگە.

# شېئىرلار

## قەلەمگە

مەمەتئەيسا قۇربان

---

تەرك بولۇپ شېرىدىن ئۈيقۇمەمۇ،
قانچە كېچە ئوتەر سەن بىلەن.
غۇنچە بويلۇق ئىلھام قىزىنى،
تەپەككۇرۇم كوتەر سەن بىلەن.

سېنىڭ بىلەن ئىجات بېغىنى—
ھۇزۇرلىنىپ قىلار مەن سەيلى.
ھاياجاندا ئۈزەر مەن تاللاپ،
دوستلۇرۇمغا قىپ-قىزىل لەيلى.

سېنىڭ بىلەن سىرداشتۇر ماڭا،
خاڭ قويىنىدا كۆمۈر قازغانلار.
ساليۇت ئوخشاش گۈللەر چاچرىتىپ،
ئويناۋاتقان پولات بازغانلار؛

سېنىڭ بىلەن مۇڭداشتۇر ماڭا،
يەر تىلغىغان دېخان مەرتلىرى.
سېنىڭ بىلەن قۇچاق ئاچىدۇ،
مول ھوسۇللۇق ئېتىز رەتلىرى؛

سېنىڭ بىلەن سۆيۈملۈك ماڭا،
مېھىر كۆزىدە ئەلگە باققانلار.
بۇلۇتلارنىڭ يېرىپ كۆكسىنى،
بۈركۈت ئوخشاش قانات قاققانلار؛

سېنىڭ بىلەن يولداشتۇر ماڭا،
ئالىم، دوختۇر، شائىر، پادىچى.
سېنىڭ بىلەن دىلداشتۇر ماڭا،
ئارتىست، ساتىراچ، موزدۇز، تاقىچى.

ئۇچماقتىمەن يۇلتۇزلار ئارا،
سېنىڭ بىلەن ياساپ كاڭ قانات.
كۆز ئالدىمدا ئېلىم باھارى،
گۈزەل ناخشا، بەختىيار ھايات....

سېنى سۆيدۈم، سەن ئۈچۈن كۆيدۈم،
يېزىپ تالماس پولات قەلەمىم.
يارىتىمەن شاھ ئەسەرلەرنى،
بۇ ئىرادەم، يۈرەك قەسەمىم.

## پارچىلار

تالانت دېمە ئۇسسىچىلاپ سىققانىنى،
ئىلھام دېمە سىزغان سۆزدەك چىققانىنى.
تەبىئىلىك بولماي، نەدە چىن ئەسەر،
ئىجاتكارمۇ دېمە بەرمەي يىققانىنى.

كىبىر، مەنسەپ بوپتۇ ساڭا ئات،
مەغرۇرانە ئاڭا مىنىپسەن.
ئەشۇ پەيلىڭ ئەلگە ياقمىغاچ،
گال پىچاقتەك كەسمەي، چېنىپسەن.

## رۇبائىلار

ئابدۇرېھىم ئېلى

چېقىمچىلار چېقىپ نۇرغۇن كىشىنى،
قىلدى ۋەيران كىشىلەرنىڭ ئىشىنى.
باشقىلارغا ئورا كولاپ ھەر زامان،
ئۆزى چۈشتى، يەدى ئاخىر بېشىنى.

❖ ❖

كىم بولسا يىگىنىدە قۇدۇق قازغۇچى،
ئالىممۇ، شائىرمۇ ياكى يازغۇچى؛
ئەجرىدىن قولىغا چۈشەر بىركۈنى،
تىلسىملار قەسرىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى.

ۋىژداندۇر ئىنسانۇ-ھايۋاننىڭ پەرقى،
ھەر زامان قىممەتساپ ئالتۇننىڭ نەرقى.
چىن ئىنسان، ساپ ئالتۇن ئۆزگەرمەس پەقەت،
گەر تەتۈر بولسىمۇ پەلەكنىڭ چارخى.

❖ ❖

يازدوستۇم، ۋەتەنگە قەسىدەڭنى ياز،
شائىرسەن بۈرچۈڭنى، نەسىبەڭنى ياز.
ياشلىغىڭ، ھاياتىڭ پۈتەر بىركۈنى،
ئانغىچە ئىلھامىڭ كانلىرىنى قاز.

# يۇرتۇمغا زىيارەت

ئابدۇغېنى تۇرسۇن

ئۆتكەن يىلى يازدا كۆرمىگىلى 9 يىل بولغان ئانا يۇرتۇم كېرىيە ناھىيىسىگە باردىم. پارتىيىمىزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسىتى كىشىلەرگە چەكسىز ھاياتىي كۈچ، جاسارەت بېغىشلىغانلىقىنى؛ يۇرت ھۆسنىدە يېڭىچە قىياپەتنىڭ، غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئامبۇر تۇتقان قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، بۇ شېئىرنى يازدىم...

## ئۆيتوغراق

ئۆيتوغراق خۇشۇسىدا سوزۇلەي دېسەم گەپ تولا،
شەرۋەت ئاقتى لەۋىمدىن يېسەم توغاچ، شاپتۇلا.
يۇرت قۇچىقى بۆلەكچە گۈللىنىشكە مېڭىپتۇ،
قۇمنى چەكلەپ ئورمانلار، ئاپەت بېلى سىنىپتۇ.
توققۇز يىلنىڭ ئالدىدا بارغىنىمدا شۇ يۇرتقا،
ئۇسساپ كېتىپ تەلپۈنگەن سۇيى ئاچچىق قۇدۇققا.
ھازىر ئۇستەڭ چېپىلىپ، سۈزۈك سۇلار ئېقىپتۇ،
باغ، ئېتىزلار، مايسىلار... ئەمدى سۇغا قېنىپتۇ.
دېھقانلاردا غەيرەت زور، غەم-قايغۇدىن ئەسەر يوق،
بۇ يۈكسىلىش، ئۇتۇقتىن رازى بولدۇم مەن تولۇق.

## «تاختا كۆۋرۈك» ئىلھامى

مىنىپ تۆمۈر بۈركۈتكە سەيلى قىلىپ ئاسماندا،
يۇرتقا كەلدىم ھاردۇقۇم چىقتى مۇشۇ بوستاندا.
گۈزەل يۇرتۇم كېرىيىنىڭ كېلىپ مەمۇر چاغلىرى،
ئالما، ئانار، شاپتۇلغا لىق تولۇپتۇ باغلىرى.
«تاختا كۆۋرۈك» سەيناسى باشقىچىلا ئاۋاتكەن،
مانتۇ، پولۇ، گۆشگىردە... تەمى ھەسەل، ناۋاتكەن.
ئېلىم-سېتىم ئىشلىرى گۈللىنىپتۇ باشقىدىن،
ئەل-جامائەت دەۋرىنى ماختايدىكەن ئىشقىدىن.
بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندە خۇشاللىقىم جۇش ئۇردى،
يېڭىۋاشتىن ئىلھامىم ئېتىچاپتى-پۇشقۇردى...

# گۈزەل يۇرتۇم

## ئىسسىل قاشتاشىم سەندەك يوق...

ئەبەي مەتتەۋدىللا

بولۇپمۇ پۈتۈن گۈزەل يۇرتۇم سېنىڭ ھۆسنى-جامالىڭغا ،
قويا شلىق تاغدا گۈل ئاچقان، يېتىلگەن بوي-كامالىڭغا ،
ھايا جانىدا نەزەر سالدىم، قونۇپ ئىلھامىدا تالىڭغا ،
بولۇپ قۇش سايرىدىم كۆيگەچ چېچەك پەسلى-باھارىڭغا .

كېتىپتۇ جۇت-شىۋىرغانلىق زىمىستان چاغلىرىڭ يۇرتۇم،
تەبىئى ئۆزگىلەم بوپتۇ قوچاغىڭ-باغلىرىڭ يۇرتۇم،
ئىسسىل قاشتاش كەبى نۇرلاپ، يوقاپتۇ داغلىرىڭ يۇرتۇم،
زامان قاتقاچ بولەكتىن كۈچ سېنىڭ غەيرەت-ماداردىڭغا .

قەلەم ئەھلى ئەقىل-ئىدراكىدىن بەرسە ساڭا زىننەت ،
كۆلۈچ ئويىنا تسا مەرت ئىشچى بالاڭ ئەيلەپ راسا ھىممەت،
دېخان مەردانە روھىدا قىلىپ پەرھاتچە جەڭ-مېھنەت،
زەپەر مارشىنى چەلمەپتۇ بۈگۈن نەغمە-ناۋايىڭغا .

جىمى لەۋ كۆلكىچان، دەۋران ئۈچۈن رەھمەت ئېيتەر ئىزھار ،
كورۇنمەيدۇ قېرى-ياش چىھرىدە غەم، شادىمانلىق يار ،
قوچاغلاپتۇ سېنى-ئەلنى «باياشات» نامىلىق دىلدار ،
ئىشەندىم ھېچ ئۇزاق قالماي لامەنزىلگە بارارىڭغا .

ئېزىز يۇرتۇم كۆيۈنلۈن سۆمرۇغدەك شوخ قانات قاقسىن،
يۇرۇقلاش دولقۇنى ئوخشاش مەۋج ئۇر، توختىماي ئاقسىن ،
داۋام ئەگەش، ئىزىدىن ماڭ، شەرەپ-شان غۇنچىسى تاقسىن،
ئۇلۇغ كومپارتىيە شۇغە مگۈزار دىمغە مگۈزارىڭغا .

# يېڭى ئىرادە

ئابدۇۋېلى ئىسمايىل

پارتىيە، خەلق بەردى يېڭىدىن ھايات بىزگە،
جېنىمىزنى ياشارتىپ، بەردى كۈچ- قۇۋۋەت بىزگە.
قىلدى توغرا بىر تەرەپ خاتا-ناھەق ئەنزىنى،
قايتىپكەلدى قايتىدىن «يولداش» دېگەن ئات بىزگە.

ئۆكچى، بوزۇق، داشقال دەپ ئاتىشاتتى ئۆتكەندە،
چېتىملاتتى قۇيرۇقتا ئايال بىلەن پەرزەندە.
ئۇرۇق-تۇققان، دوس-ياران بىزنىڭ ئۈچۈن پاراكەندە،
ئۈزمەي ئاڭدىن ئۈمىتنى، يار بولدى سابات بىزگە.

ئاخىر باقتى ئۈمىتمۇ، ئۈمۈدھېش تۇمان تارقاپ،
كوردۇق باھار نۇرىنى، پارلىدى كۈلۈپ ئاپتاپ.
يەتتۇق بەخت قەدرىگە، غەملەردىن كۆڭۈل توختاپ،
توغرا، ئادىل سىياسەت كەلتۈردى نىجات بىزگە.

ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئادىل ئاقلاندۇق،
روھىي يۈكتىن قۇتۇلۇپ، بەتنامالاردىن پاكلاندۇق.
پارتىيىدىن، خەلقتىن مىڭ مەرتىۋە شاتلاندۇق،
ئۇرغۇپ كەتتى روھىمىز، چىققاندەك قانات بىزگە.

قاش كوتىرىپ ئارقىغا قارىمايمىز ھەرگىزمۇ،
ئەسلى خاتا- سەۋەندىن بولالمىغان پاك بىزمۇ،
(ساقلانمىغان خاتادىن ئۇلۇغ پارتىيىمىزمۇ،)
ئىناق ئالغا باسىمىز، ئۆتكەن ئىش ساۋاق بىزگە.

ئىشلە يىلى دەپ تەكـ تۇشلەر قولىمىزدىن تۇتۇپتۇ،
قاراپ باقساق ئەتراپقا ئىشلار قايناپ كېتىپتۇ،
ئويلاپ كۆرسەك ئەل بۈگۈن قەدرىمىزگە يېتىپتۇ،
يۇرتنىڭ ھۆرمەت، ئىشەنچى ئەمەسمۇ دۆلەت بىزگە؟

ئۈمىد قىلار بىزلەردىن يېڭى تۆھپە دەۋرىمىز،
يېڭى تۆھپە قوشۇشقا شىجائەتلىك قەلبىمىز،
سەرپ بولسۇن خەلققە ئەندى قالغان ئۆمرىمىز،
ئاقلىماساق ئۈمىدنى، نومۇس ھەم ئۇيات بىزگە.

# ئىككى غەزەل

نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا

( 1 )

ۋەتەنىمنىڭ سۆيگۈسى، دوستۇم، ھەممىگە سۆيگۈدىن قىممەت،
ۋەتەن سۆيمەك-كىشى ۋىجدانىغا لايىق ئېسىل خىسلەت.
بۇ خىسلەت، سۆيگۈ «لاپ-قاپ»تا ئەمەس، ئىشتا بولۇر زاھىر،
بۇ يولغا كىم قەدەم قويسا، كېرەك جۈرئەت بىلەن ھىممەت.
ۋەتەننى گۈللىتىشكە كۈچ چىقارماس بولسا قول، پۇت، تەن...
بېرىش لازىم ئەمەس ئۇنداق ھورۇنىنىڭ مەيلىگە پۇرسەت،
دىلىڭ بولسا تېنىڭنىڭ لەشكىرىگە باشچى، بايراقدار،
بولەكچە ئۇرغىغاي يۇرت خىزمىتىگە ئىشتىياق، غەيرەت.
يىگىتلىك بۇرچى ئاقلاشتۇر ۋەتەننىڭ قەرزىنى دوستۇم،
كۆپايە قىلغۇسى مىڭ باش بېرىپ ئالغانىدا بىر رەھمەت.
نەسىپ بولسا ئەگەر شۇ بەخت، ۋەتەنگە جان پىدا قىلساڭ،
ئۆمۈر مەناسىچۈن ھېچبىر ئىزاھقا قالمىغاي ھاجەت.

( 2 )

ۋەتەن «ئوغلۇم» دېگەي دوستۇم، خەلقىڭنىڭ دىتىغا ياقساڭ،
كۆيۈپ ئەلنىڭ ئوتىدا بىر ئۆمۈر سەن سۆيىدە ئاقساڭ.

سويەر ئەل ئەلگە كويگەننى، ئونۇتماس ياخشى قىلغاننى،
ئەبەتكە ساقلىنار نامى،كى تارىخ بېتىگە باقساڭ.

ۋەتەن ئىشقىدا پەرۋانە بولالايسەن دىلىڭدىن گەر
خۇسۇسى مەنپەئەتىڭ جاھلانە تەختىڭنى چاقساڭ.

ۋەتەندىن ئايرىلىپ كورگەن ھالاۋەت ئەسلى خارلىقتۇر،
بولۇپ شاھ مەيلى ئىززەت كوكىدە مەغرۇر قانات قاقساڭ.

بەخت ئۇندىن زىيادە بولمىغاي مېھنەت-ئىجادىڭدىن
ۋەتەننىڭ كوكسىگە ھەر يىل يېڭى گۈلدەستىلەر تاقساڭ.

# گۈزەل يىپەكۋادىسى

نوبۇلقاسىم مەتنىياز

گۈل-گۈلۈستان دالاسى،
ساپ يېقىملىق ھاۋاسى،
يۈرەكلەرنىڭ داۋاسى،
گۈزەل يىپەك ۋادىسى.

بۇلبۇلۇستان باغلىرىڭ،
بايلىقكانى تاغلىرىڭ،
قىش-ياز، باھارچاغلىرىڭ،
گۈزەل يىپەك ۋادىسى.

ئالمىلىرىڭ ھەسەلدەك،
قوغۇنلىرىڭ شېكەردەك.
ئانارلىرىڭ گۆھەردەك،
گۈزەل يىپەك ۋادىسى.

مالغا تولغان يايلىمىڭ،
شېھىردىن قېتىق-قايمىقىڭ،
مولچىلىق يۇرت-ئايمىقىڭ،
گۈزەل يىپەك ۋادىسى.

لالىزارلىق بويلىرىڭ،
ياڭرار ناخشا كۆيلىرىڭ،
قاينار مېھنەت تويلىرىڭ،
گۈزەل يىپەك ۋادىسى.

قاشتېشىڭنىڭ كانىسەن،
گۈزەللىكنىڭ شاھىسەن.
ئەلنىڭ شەرەپ-شانىسەن،
گۈزەل يىپەك ۋادىسى.

زەپەر تۇغى ئۈستۈڭدە،
تاڭ جىلۋىسى كوكسۈڭدە.
جەننەت ئاشىق ھۆسنۈڭگە،
گۈزەل يىپەك ۋادىسى.

كۈلدى بەختىڭ ھور پارلاق،
سەندە ھايات زەپ قايناق.
ئورلە يەنە تاپ روناق،
گۈزەل يىپەك ۋادىسى.

# توي كۈنىدىكى بودۇرە قىلىنغان چاچ

مەمتىمىن ھەزرەت

(ھېكايە)

رەشىدە ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، رازىيە ئەڭ يېڭى مودىدا تىكتۈرگەن كىيىملىرىنى كىيىپ بولغان ئىدى.

— ۋايەي، بۇنىڭ گۈزەللىشىپ كەتكىنىنى قارا، ئايغۇ-بۇ، ئاي رەشىدە دوستىنىڭ نازىنىن سىياقىغا زوقمەنلىك قاراپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى.— سەن كىيىم تاللاشقا ھەقىقەتەن چېۋەر-دە. ئېگىز پاشنىلىق ئاق تۇپلىمىي، ھاۋارەڭ سارجى كۆينەك نېمە دېگەن ياراشقان. ساڭا كىيىم يارىشىدۇ، ئاداش، شۇنداقمۇ؟!— دېدى رازىيە مەمنۇنلۇق بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ. ئۇنىڭ كەيپى خوش ئىدى.

— شۇنداق بولماي، ئەنۋەر سېنى شۇ تۇرقۇڭدا كۆرسە، دەرھال ھوشىدىن كېتەرمىكىن دەيمەن.— شوخلۇق بىلەن كۈلدى رەشىدە.

— قوي، ئاداش چاخچىقىڭنى. ئىشقىلىپ يارىشىپتۇ؟ ياراشماپتۇ. چۈشتىن كېيىن كۆچۈرۈپ مېڭىشتىن بۇرۇن سېنى باشقىچە جابدۇيمىز تېخى.

بۈگۈن رازىيەنىڭ ياشلىق ھاياتىدىكى ئەڭ خاسىيەتلىك كۈن. چۈشتىن كېيىن ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ تاللىغان يىگىتىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ بەختىيار ئائىلەۋى ھاياتى باشلىنىدۇ. بىزنىڭ كۆپىنچە ياشلىرىمىز توي ئىشىغا تۇتۇش قىلغانىدىن باشلاپ، تاكى توي ئاخىرلاشقىچە قانچىلىغان كۆڭۈل رەنجىشلىرىنى، قانچىلىك جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرمەيدۇ دەيسىز. توي ئىشى نازۇك ئىش، ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتى قانچىلىك چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىش ئىقتىسادىي رەسمىيەتلەر دائىرىسىگە كۆچكەندىن كېيىن بەزىدە تاتلىق تۇيغۇلارغا ئاچچىق ھەسرەت قوشۇلماي قالمايدۇ. مۇھەببەت باشقا گەپ، ئاتا-ئانىلارنىڭ رايى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت باشقا گەپ، ئەمما رازىيەنىڭ تويى ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي، تەنتەنىلىك توي بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى شەھەردە يۈز-ئابرۇيى بار رەھبىرىي كادىر. ئىقتىسادىي تەرەپتىمۇ ئىككى يېنىغا قاراپ قالىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس. ئۇنىڭ بولغۇسى ئېرى ئەنۋەرمۇ ماختانغىنىچىلىكى بار يىگىت. ئاتا-ئانىسىمۇ ئاتسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار ئادەملەر. شۇڭا، ئۇلار تۈنۈگۈن ئۇچراشقاندا رازىيەنىڭ: «ئاتا-ئانامنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ تويىمىز ئالدىدا كەم دېگەندە ئون پىكاپ توختىتالمىسىڭىز رەنجىيمەن» دېگەن نازلىق سۆزلىرىگە يىگىت: «چاتاق يوق، مەھەللىمىزدە خىلمۇ-خىل كىچىك ماشىنىلارنىڭ كۆرگەزمىسىنى ئېچىشقىمۇ تەييارمەن.» دېگەن تەنتەنىلىك جاۋابىنى بېرىپ، رازىيەنىڭ خۇشاللىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ئىدى.

رازىيە ئەينەك ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئەينەكتىن ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەر قانداق كۈندىكىدىنمۇ چىرايلىق ۋە يېقىملىق بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەنە قارا

ھەم نۇرلۇق كوزلەر، ياقكوز ئەمەس بەلكى يۇلتۇز چۆمگەن بىرجۈپ بۇلاق. بۇنداق كوزلەر ھەرقانداق يىگىتنى ئوزىگە مەپتۇن



قىلالايدۇ. قېشىچۇ تېخى، قايسى بىرشائىرنىڭ «يېڭى ئايدەك ئەگمە، ئەمما سىيادەك قارا» دىگەن مىسرالىرى مۇشۇقاشلارنىڭ تەسۋىرى بولساكېرەك، بۇنداق قاشلارنى ئۇستا رەسساملار رومانتىك ئىلھاملارغا ئەسىر بولغاندىلا سىزالايدۇ. ئەمما يەر يۈزىدە بۇقاشلار پەقەت رازىيەگىلا خاس. ئۇنىڭ بۇرنى سەل پەس، لەۋلىرى بىر ئاز قېلىن بولسىمۇ، يۈزىنىڭ ئاقۋە سۈزۈكلىگى بۇتەرەپلەرنى يوشۇرۇپ كېتەلەيدۇ. سەلچانىدىغىنى بويىنىنىڭ بەكمۇ ئىنچىكە ۋە ئۇزۇنلۇغى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تەقدىر ئۇنىڭغا چاچ بېرىشتە تولىمۇ بېخىللىق قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭ چاچلىرى بەك شالاڭ ئىدى. «ھەقىقى گۈزەللىككە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان چاچ بىلەن بويۇن،- دەپ ئويلىدى رازىيە،- ئەگەر چېچىمنى مۈرەمدىن ئاشۇرۇپ كېسىپ بۇدرە قىلدۇرۇۋەتسەمچۇ؟» رازىيەنىڭ يۈرىگىگە بىر پارچە ئوت كىرىۋالدى.

چېچىمنى بۇدرە قىلدۇرسام قانداق بولار؟- رازىيە بۇرۇلۇپ رەشىدىگە تىكىلدى.

-ئۇنداق قىلساڭمۇ تېخىمۇ ئىسكەتلىك، تېخىمۇ مەدەنىي بولۇپ كورۈنەتتىڭ. بىراق ھازىر مېھمانلار يىغىلاي دەپ قالدى، قىزلاردىن بىر نەچچىسىكەلگەن ئىكەن، قىزلار ئولتۇرىدىغان ئويىنى جوندەۋاتىدۇ. ئولتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلەرسەن ئىمكى؟- دىدى رەشىدە ئەسكەرتىپ.

- ئۈلگۈرىمەن ئاداش، يېرىم سائەتتەك ۋاقىت كېتىدۇ.


-ئۇنداقتا ھازىرلا ماڭ!

رازىيە بۇيەردە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى رەشىدىگە جىكىلەپ قويۇپ، ئويىدىن چىقتى-دە، ئۇچقاندەك ساتراچخانىغا يۈگەردى. بۇشەھەرنىڭ ھەربىر ساتراچخانىسىدا بىر- بىردىن پوزۇر بۇدرەقىلىنغان چاچلارنىڭ نۇسخىلىرى ئېلىنغان رەسىملەر رامكىسى بار. ساتراچخانىغا كىرگەنھەر قانداق خوتۇن-قىزلار چېچىنى قايسى نۇسخىدا بۇدرە قىلىش كېرەكلىگىنى مۇقەددىيالماي، بىر ھازا رەسىم تاللاش بىلەن ئاۋارە بولىشىدۇ. رازىيەنىڭ بولسا ئىشى ئالدىراش، شۇڭا رەسىملەرگە بىرقۇر كوز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن دولقۇنسىمان بۇدرەقىلىشنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسىنى تاللىۋالدى.

ساتراچ ئۇستىنىڭ ماھىر قوللىرىدا رازىيەنىڭ چېچى يۇيۇلۇپ تارالدى ۋە قىرقىلدى. بىر پەستىلا قازانسىمان قاپقا ئاستىدا نەچچە ئونلىغان قىسقاچ ئۇنىڭ چېچىغا قىستۇرۇلۇپ بولدى. ساتراچ ئۇستا چاچقا توك قويۇۋەتتى.

رازىيە بېشىغا خۇددى قازان كىيىۋالغاندەك ئولتۇراتتى. بۇكورۇنۇش باشقىلار ئۇچۈن كۈلكىلىك بولسا، ئوزى ئۇچۈن بىئارامىلىق ئىدى. رازىيە چاچ ئالدۇرغىلى كىرگەن ئەرلەرنىڭ مەسخىرىلىك نەزىرىنى كورمەسلىك ئۇچۈن كوزىنى يۇمدى. ئۇ بىرپەستىن كېيىن باشلان-

غۇسى داغدۇغىلىق تويىنىڭ شىرىن تۇيغۇسىغا چۆمدى: بۈگۈن بۇ تويغا پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى يوپۇرۇلۇپ كەلمىسىمۇ، ھەممە ئاتاقلىق ئەرباپلار ۋە ئۇلارنىڭ خانىملىرى كېلىدۇ. كوچىدا ئونمەس، نەچچە ئونلىغان چوڭ-كىچىك ماشىنىلار توختايدۇ. ئۈنئالغۇ ئۈزۈلمەي ناخشا-مۇزىكا ياڭرىتىپ تۇرىدۇ. سازەندىلەر كۈن بويى نەغمە قىلىدۇ. ئۇسسۇل، تاناسى قىزىپ تۇرىدۇ. قەدىرلىك مېھمانلار ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئالاھىدە ھۆرمەت-ئېھتىرام كۆرسىتىشىدۇ. داستىخانلار خىلمۇ-خىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولۇشىدۇ. ئەنە، ئىككى چوڭ داش قازان ئېسىلدى، ھۆكۈز سويۇلدى. ئەللىك، ئاتمىشچە ئادەم توي خىزمىتى ئۈچۈن يۈگرەشمەكتە... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ شەرىپىگە بولىدۇ. ئۇ، كۆزلەرنى ئالاچەكمەن قىلىدىغان تويلۇق كىيىملەر كىيىپ، قوللىرىغا ئۈزۈك، قولىقىغا ياقۇت ھالقا سېلىپ، بويىنىغا ئالتۇن مىدالىيون ئېسىپ، دولقۇنسىمان بۈدرە قىلىنغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ ئوتتۇز قىزنىڭ ھەمرالىقىدا ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ جەننەت ھۆرلىرىدەك كۆرۈنۈشى قىزلاردا ھەسەت، يىگىتلەردە بولسا ھەۋەس قوزغايدۇ. تويغا كەلگەن ھەر بىر مېھمان ئۇنى كۆرۈشكە ئىنتىلىدۇ. سەلتەنەتلىك ماشىنىلار سېپى ئۇنى كۆچۈرۈپ ماڭىدۇ. بۈگۈن ئۇنى بىلمىگەنلەر بىلىدۇ، تونۇمىغانلار تونۇيدۇ. دېمەك، ئۇ، قۇياش بولسا، پۈتۈن توي ئەھلى پىلانېت بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ



تويى پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە سالغىدەك توي بولىدۇ... بېشىنىڭ ۋىژىلداپ قىزىشى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى: بېشىم قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى رازىيە ساتىراچ ئۇستىغا.

قىزىمىسا قانداق بۈدرە بولىدۇ، — ساتىراچ ئۇستا ئىرەنسىزلىك بىلەن جاۋاپ بېرىپ تاماكىسىنى شورىدى-دە، ئۆز كەسپدىشى بىلەن قاندىقتۇ: ئىدارىدىن گوش ئەكىلىپ بېرىمىز، دېگەن بولسىمۇ، بۈگۈنگىچە ئەكىلىپ بەرمىگەنلىكى، بۇ ئايلىق مۇكاپات سوممىسى ئاز تارقىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

رازىيەنىڭ بېشى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى، بەدىنى غەلىتە بىر خىل سىقىلىۋاتقاندەك ئىدى.

ھەجەپ بولۇۋاتىمەن. دېدى قىز يەنە. ساتىراچ ئۇستا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. ئاردىن بىر پەس ئۆتتى، قىز ئورۇندۇقتا قىمىرلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى غەلىتى بىر خىل جۇغۇلدىماقتا ئىدى. كۆڭلى بولسا ئاينىغاندەك بولدى.

— كۆيگەن يۇڭ پۇرۇۋاتامدىغۇ؟ — دېدى ياندىكى چاچ ئېلىۋاتقان ساتىراچ.

— ئاۋۇ قىزنىڭ بېشىدىن ئىس چىقىۋاتىدۇ، — دېدى چاچ ئالدۇرۇشقا نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى رازىيەنى ئىما قىلىپ،

ۋېيەي بولالمايۋاتىمەن! — ۋارقىرىۋەتتى رازىيە. چۆچۈپ تورغان ئۇستا توكنى تارتىۋېتىشكە ئاران ئۈلگۈردى. قازانسىمان قاپقا ئىچىدىكى رازىيەنىڭ بېشىدىن ئىس كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ساتىراچ ئالدىراشلىق بىلەن قاپقىنى ئالدى. ھەر بىر قىسقۇچنى بوشۇتۇپ ئالغاندا، قىسىلغان چاچلار قىسقۇچ بىلەن بىللە ئۈزۈلۈپ چۈشتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ساتىراچ بولسا ئاغزى ئېچىلغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن پېتى قېتىپلا قالدى. ئۆز ئەكسىنى ئەينەكتىن كۆرگەن رازىيە خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان سەبىيدەك چىقىرىغان پېتى يۈزىنى تۇتۇپ ساتىراچنىڭ ئورۇندۇقىغا يىقىلدى.



ئۇنىڭ بېشى ئەمدى ئۇكلىگەن قوي بېشىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. چاچ ئالدۇرۇشقا نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغان ئەركەكلەر ئىچىدىن كەملەردۇر پىخىلداپ كۈلەتتى. كەملەردۇ ئۇنىڭغا ئېچىنىش ۋە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن قاراپ تۇراتتى. رازىيە بولسا ھوشىنى يوقاتقان ئىدى. ئۇنىڭ چېچىنى بۇدرە قىلاغۇچى ساتىراچ ئۇستا گاڭگىراپ قالدى. ياندا چاچ ئېلىۋاتقان ساتىراچ گەپكە ئارىلىشىپ ئىشنى تۈزىمەك بولدى:

— ساتىراچخانىمىزدا بۇنداق ئىشلار بەزى-بەزىدە بولۇپ تۇرىدۇ. ماشىنا بىر ئاز بۇزۇلغان ئىكەن. كېرەك يوق، بۇقېتىم بۇ قىزنىڭ بېشىنى پاك-پاكىزە چۈشۈرۈۋېتەيلى، بىرقانچە ئايدىن كېيىن چېچى يېرىلىك ھەم ياخشى بولۇپ ئۆسىدۇ، شۇچاغدا ئەڭ پوزۇر ئۇسخىدا بۇدرە قىلىپ قوياق بولمىدىمۇ! ھەر ئىككىلا قېتىم ئۆچۈن پۇل ئالمايمىز، شۇنداق قىلايلى، چوڭ ئىش يوق.

خىجالەتچىلىكتە قالغان ئۇستا بىر ئاز يېنىكلىشكەندەك بولدى. لېكىن ئۇكلىگەن باشنىڭ ئىگىسىدىن بولسا تېخىچە سادا يوق ئىدى.

— شۇنداق قىلايلى، سىڭلىم، ماشىنىنى ياخشى تەكشۈرمىگەن ئىكەنمەن. بولىدىغان ئىش بولدى، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ، چېچىڭىزنى چۈشۈرۈۋېتەي، ياغلىق چىگىپ يۈرسىڭىز چانمايدۇ.

رازىيە ئاچچىق ئىگراش ئىچىدە ھوشىغا كەلدى. ئۇھازىدار ئاياللاردەك ھوكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭكى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ يىغلايتتى.

ساتىراچخانىدا بارغانسېرى ئادەم كۆپىيەيۈشكە باشلىدى. ھېچكىمنىڭ تەسەللىسى ۋە ياخشى گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ساتىراچخانىدا ئىش توختىدى ۋەساتىراچلار قىزنىڭ يىغىسىنى پەسەيتىشكە ئىلاجسىز قالدى. ئاردىدىن يەنە بىر ئىمسائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. ئەندى ساتىراچخانىدىكىلەر قىزغا تەسەللى بېرىشتىن ئەيمىنىشكە ئۆتكەن ئىدى. قىز بولسا، يىغلاپ تالمىدى. سىرتتىن ھاسىرىغان پېتى رەشىدە كىرىپ كەلدى-دە، كوزى رازىيەگە چۈشۈش بىلەنلا يىلاندىن چۆچىگەندەك ئەندىكىپ كەتتى ۋە ئۆزىنى ئۇكلىگەن باشقا ئاتتى. رازىيەنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

— بۇنىمە ئىش، كىم شۇنداق قىلدى؟ —رەشىدىنىڭ ئاۋازى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، ساتىراچ ئۇستىلار بۇناتونۇش قىزغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە ئالدىراشتى.

— ئەندى بۇلار ئىش بولدى، —دېدى ۋاقەگەسەۋەبچى ئۇستا بېشىنى تاتىلاپ، — يىغلىغان بىلەن نېمە، ماجىرا قىلغان بىلەن نېمە ئەسلىگە كەلمەيدۇ. ياخشىسى بۇقىزنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتەيلى. كېلەر قېتىم چېچى ئۆسكەندە كەلسۇن، ھەق ئالماي ياخشى بۇدرە قىلىپ قويىمەن.

— ئاھ خۇدا! سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ بۈگۈن بۇقىزنىڭ تويى بولىۋاتىدۇ، توي! —رازىيەنىڭ يىغىسى يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ھەممەيلەن گاڭگىراش ئىچىدە قالدي.

— بۇكەمنىڭ قىزى، بۇتوي قانداق توي بىلەمسىلەر؟ — دېدى رەشىدە يەنە غەزەپ بىلەن ۋە ساتىراچخانىدىكىلەرگە، قىزنىڭ دادىسىنىڭ كەملىگىنى، قۇدىلارنىڭ قانداق ئادەملىگىنى، بۇتوينىڭ قانداق توي ئىكەنلىگىنى، هازىر بولساقانچە يۈزلىگەن مېهمانلارنىڭ كېلىپ بولغانلىغىنى غەزەپ ئارىلاش قىسقىچىلا چۈشەندۈردى.

ساتىراچخانىدا ئادەتتە كورۇلمەيدىغان جىددىيلىك يۈز بەردى. چاچ ئۇستىدە مەخسۇس باش قاتۇرۇلدى. خېلى كوپ تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تالاش-تارتىش ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى، ئاخىرى ساتىراچخانىنىڭ مۇدىرى بىلەن ۋاقەپەيدا قىلغۇچى ساتىراچ قەيەرگىدۇ ئالدىراپ چېپىپ چىقىپ كېتىشتى.

رازىيەنىڭ قۇلىغىغا گەپ كىرمەيتتى. يىغىدىن ئۇنىڭ ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتتى، ئۇنى سىرتتىن كۆزەتكەن كىشى «ساراڭ بولسا كېرەك» دەپ قىياس قىلىشى مۇمكىن ئىدى. رەشىدە بولسا ئۇنىڭ يىغىسىنى پەسەيتىشكە بىكار ئاۋارە بولاتتى. شۇتاپتا بۇكىچىككىنە ساتىراچخانا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن شەھەرمۇ ئۇنىڭ دەرت-ئەلىمى، يىغىسى ئالدىدا ئىلاجىسىز ئىدى.

— «ئۇزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا» دېگەندەك ئەندى يىغلىغان بىلەنمۇ پايدىسىز-دە.

— چېچىنى بۇدرە قىلمىسا ئەرئالماسمىدىكەن.

— ھەۋەستە.

— ئاھ، «مەدەنىيەت» لىك بولۇشنىڭ شەرمەندىچىلىگى. ساتىراچخانىدىكى بىكارتەلەپلەر ئۈچۈن رازىيەنىڭ ئىشى يېڭى تېمىغا ئايلانغان ئىدى. رازىيە ئۈچۈن ئومۇر بويى يەتمەپ ئاشقىدەك بۇ دەرت-ئەلەم ئۇستىگە بۇلارنىڭ زەھەرلىك گېپى ئۇنى يۇرىگىگە زىخ سانچىغاندەك قاتتىق ئازاپلايتتى.

رازىيە يىغلىماقتا، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ھەر بىرچېچىدىن تاكى تىرناقلىرىغىچە ياش تۆكۈلمەكتە. ئۇ يىغلىمايكىم يىغلىسۇن، تېخى ئىككي سائەت ئىلگىرى ئۇزىنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك شوھرەت ئىگىسى ھېساپلىغان بۇ قىزكوزىنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۇزىنىڭ شۇنچىلىك كۈلكىلىك، شەرمەندىچىلىك ئىچىدە قېلىشىنى ئويلىغانمىدى، ئۇنى بۇيەرگە كىم سورەپكەلدى؟ گۇزەللىككە بولغان ئىنتىلىش تۇيغۇسى، مەدەنىي ھاياتقا بولغان ھەۋەس ئەمەسمىدى. ئۇنىڭ كوز ئالدىدا ئۇزىنىڭ شەرىپىگە يىغىلىدىغان مىڭغا يېقىن مېهمان، ساز-ناخشا، تاماشا-ئويۇن، ئۇ كىيىدىغان ئەڭ ئىسىل كىيىملەر، ئۇنى ئېلىپ ماڭىدىغان ماشىنىلار سېپى، ھورمەت، تەكەللۇپلار، قايىنئاتىقىنىلىق، شەھەرنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان كاتتا توي... ئىسىت، ھەممىسى...ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان شۇلەنتى ساتراچ ۋەيران قىلدى. رازىيە ساتىراچنىڭ كويدۇرۇشىدىن ئېشىپ قالغان چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلايتتى. ئۇ يىغلىماقتا. ئۇ بەلكىم ئۇزىنى شۇنچىلىك كۈلكىگە قويغان تەقدىرگە غەزەپلىنىپ يىغلايدىغاندۇ، ياكى پۈتۈن ساتىراچلارنىڭ چاچ بۇدرە قىلىدىغان سايمانلىرىنىڭ كۆكۈم-تالقان قىلىنمىغىنىغا يىغلايدىغاندۇ ۋە ياكى بىرئوبدان ياراشقان چاچلىرىنى بۇدرە قىلدۇرۇشنى ئويلاپ تاپقان لەنتى ئەقىلگە يىغلايدىغاندۇ. تويمۇ توختاپ كېتەر، ئۇنىڭ يىغىسىمۇ توختار، ئەمما بۇكۈلكىلىك پەيدا قىلغان جاراھەت قەلبىدە مەڭگۈ ئىز قالدۇرىدۇ. سۇنئىيلىككە ئىنتىلىشتىن تۇغۇلغان پۇشايمان ئۇنىڭغا ئومۇرلۇك ھەمرا بولۇپ قالىدۇ.

ساتىراچخانىنىڭ مۇدىرى بىلەن ھېلىقى ساتىراچ ئۇستا ئىشىكتىن ھاسىراپ كىرىشتى. مۇدىرنىڭ قولىدا قايسى بىرسەھنە ماتىرىيالىرى ياسايدىغان كارخانىدىن ئېلىپكەلگەن ئاتقىلىدىن ياسالغان كەيمەچاچ بار ئىدى. قىز بولسا يىغلىماقتا. كىمدۇر بىرى قىزغا ئېچىنغان قىياپەتتە غودۇڭشىدى:

— ھەقىقى گۇزەللىك تەبىئىلىكتە، پەقەت تەبىئىلىكتە.

# پەرهات يۇرتىدا پەرهات

(سېكىل)

مامۇت زايىت

## ئۆركەش قىيان ياسىدى

شەرۋەت تولغان ئېغىزغا،
زەپمۇ شېرىن سوزكەلدى.
توغرا، ئادىل سىياسەت،
قالتىس بەلەن-ئۆزكەلدى.
قايتىپ ئامەت دېخانغا،
خوشلۇق يۈزدە-يۈزكەلدى.
جاراڭلىدى مەركەزنىڭ،
يېڭى پەرمان جاكاسى.
ئۆركەش-قىيان ياسىدى،
يۇرتنىڭ ئىككى دەرياسى.
بولدى هايات جوشقۇنلۇق،
ئاشتى ئىشنىڭ ساپاسى.
«ئۆڭدا ياتقان گىردە يەر»
دەيدىغان ئۇ زامان يوق،
بەل سىلاپ قول شىلتىگەن،
بۇيرۇقچىغا هايان يوق،
بۇغداي- كەتمەن چاپقانىنىڭ،
هۆررۇنلارغا سامان يوق.

چىقتى يانا ئايىغى،
تومەنلىگەن دۇلدۇلىنىڭ.
جاراڭلىدى ساداسى،
يېڭى مۇقام مەرغۇلىنىڭ.
بولدى ئۇبدان مەزگىلى،
بالي بولۇشقا يوقسۇلىنىڭ.
پەرهات چىققان كونا يۇرت،
تولدى يېڭى پەرهاتقا.
شېرىنلىرى زامانىنىڭ،
قول قويدى مەزت ئەۋلاتقا.
تولدى شەهەر يېزىلار،
مول هوسۇلغا، ئىجاتقا.
يۈرۈش قىلىپ ئىقبالغا،
چوڭ قەدەمدە سەكرەيمىز.
بارخانلارنى تىزگىنلەپ،
تاغ-داۋاننى رەتلەيمىز.
بىناسىنى بەختىنىڭ،
چېگرا يۇرتتا تىكلەيمىز.

## باهار كەزدى ئېلچىنى

باهار كەزدى ئېلچىنى،
كوردى رەڭدار زىلچىنى.
قىستى خوشال قۇلاققا،
باغلار ئارا غۇنچىنى.
مارجان قىلدى بويىنىغا،

تاغ سۈيىنى، ئۈنچىنى.
باهار كەزدى ئېلچىنى،
كوردى ئەلنىڭ كۆچىنى.
كوردى شانلىق سەپەردە،
جەڭچى، دېخان-ئىشچىنى.

باغلىۋالدى باتۇرلار،
ئۇنىڭ كۆڭۈل رىشتىنى.
باھار كەزدى ئەلچىنى،
قايىللىقتا، ھەۋەستە.
كۆردى سانسىز شىرىنىنى،
پەرھات بىلەن بەس-بەستە.
تەييارلاپتۇ ئۇ تۇقتىن،
يېڭى-يېڭى گۈلدەستە.
باھار كەزدى ئەلچىنى،
ناۋاغ، گۈلۋاغ ئىچىنى.
كۆردى ھالال ئەجرىدە،
ياغ چايناغان كىشىنى.
رازى بولدى كۆڭلىدە،
كۆرۈپ سودا ئىشىنى.
باھار كەزدى ئەلچىنى،
«ھەممە كىشى خالاۋاپمۇ؟»
كەلەم توشقان بازارغا،
كۆزى تالدى قاراپمۇ.
سانسىز ھۈنەر بۇيۇمى،
بولالمايسەن تاللاپمۇ؟
باھار كەزدى ئەلچىنى،
مەمنۇن بولدى كۆڭلىدە.
سەزمىگەنتى بۇنچىلىك،
خۇشاللىقنى ئۆمرىدە.
سەپەر قىلدى يېزىغا،
بولماق ئۈچۈن سەيلىدە...

## كۆلكەبىلەن چاقچىقى

چوكانتال ھەم سۆۋادان،
سايە تاشلار تاشيولغا.
يوللۇقچىلار تولۇپتۇ،
ئىككى قاسناق-دۈڭ،سولغا.
ھارۋا تارتىپ پوشقۇرۇپ،
چاپار نورغۇن شاش يورغا.
ماڭار دېھقان ئالدىراش،
يېزىسىدىن بازارغا.
تاغار،سىۋەت لىق تولغان،
ئاشلىق، پاختا، ئانارغا.
خورجۇن تولار قايتىشتا،
پۇل، يېمەكلىك، تاۋارغا.
بۇرۇن بۇنداق ئىش نەدە،
بازار كۆرمەي كۈن ئۆتكەن.
ھالال مېھنەت ئەجرىنى،
«قەرزدار» لىق يەپ كەتكەن.
قان-تەر سىڭگەن مېلىنى،
«باشقۇرغۇچى» ئەپكەتكەن.
ئەمدى زامان باشقىچە،
ئۆز يېرى بار، بېغى بار.
توغرا، ئادىل،سىياسەت،
يۆلەنچۈگى، تېغى بار.
ئىشلىتىشكە،سېتىشقا،
مىۋە، ئاشلىق، يېغى... بار.
دېھقان خۇشال كۈلىدۇ،
قاراپ مەمنۇن ھەر ياققا.
بازارچىلار لىق تولغان،
يولغا-ئىككى قاسناققا.
يول جاپاسى ئالماشقان،
كۈلكە بىلەن چاقچاققا.
بۇ مەنزىرە پەيزىدىن،
قەلبىم شۇنچە سۆيۈندى.
ئۆسۈپ دېھقان ئالدىمدا،
زەپمۇ بۈيۈك كۆرۈندى.
كۈلكە بىلەن چاقچىقى،
جۈپ قانات تەك بىلىندى...

## ئەينى راھەت باغچىسى

كەلدىم بۈگۈن يېزىغا،
قىزغىن ئەمگەك ئۈستىگە.
ئەل ئۆتۈپتۇ ھوجۇمغا،
يىغىپ كۈچىنى بەستىگە.
ھاياجاندا تىكىلدىم،
گۈزەل يېزا ھۆسنىگە.

ئېشىلە يدىكەن ئەزالار،
ھەردە ئالغان يېرىدە.
پەرۋىش قىپتۇ مايسىنى،
ئۆز ئوغلىدەك مېھرىدە.
توقۇلۇپتۇ ئۆز كەشتە،
ئەلنىڭ ھالال تېرىدە.
قىلىدىكەن باش بولۇپ،
كادىرلار مۇ مېھنەتنى.
ئايالىرى تاشلاپتۇ،
ئىشقا چىقماس ئادەتنى.
بېرىدۇ كىم قولىدىن،
بۇنداق بايلىق ئامەتنى؟
ئىشقا سۆيلەش، چاقىرىش،
ئەمدى بۇندا يات ئىكەن.
شۇ تۆپە يلى دۇيجاڭمۇ،
ئازات ئىكەن، شات ئىكەن.
ئاڭلىق بولغاچ كىشىلەر،
خۇشلىقى قات-قات ئىكەن.
قايتىپ كەپتۇ يۇرتىغا،
بۇرۇن تېزىپ كەتكەنلەر،
(چاپان ئاشماي تىزىدىن،
قەرزدىن بېزىپ كەتكەنلەر)
ئىلغار بوپتۇ قالاقلار،
يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەر.
ئاما بىلەن سوزلەشتىم،
شاتلىقىنى سوزلىدى.
روناق تاپقان تۇرمۇشىنىڭ،
تەئرىپىنى كۆيلىدى.
پەرۋاز قىلىپ ئىلھامىم،
بولۇتلارغا ئورلىدى...

# توي غىزاسى يىگەندە

خە يىردىلىك كەچ، كۈن پېتىپ،
تاغ كەينىگە ئوتكەندە.
كۆمۈش چاچلىق مېھمانلار،
تورنى ماكان ئەتكەندە.
توي ناخشىسى، شاتلىقى،
قىياسىغا يەتكەندە.
بىر جۈپ يىگىت-كېلىن قىز،
يەتتى ۋىسال-مۇراتقا.
خۇددى ئىككى ئوقۇلدى،
شىردىن بىلەن پەرھاتقا.
تولدى ئايۋان-ھويلىلار،
خوشال كۈلكە-چاقچاققا.
قاراپ قالدى بىر بوۋاي،
بەختلىك قىز-يىگىتكە.
داستىخاندا تىزىلغان،
پولو، مېۋە، كەمپىتكە.
ھەيران بولۇپ تويچىلار،
تىكىلدى موي سىپىتكە.
ئويلىغاندۇ بەلكى چال،
بەختسىز ياش ئومرىنى.
يارى بىلەن ئوتكۈزگەن،
بۇردا ناسىز تويىنى.
ناخشا ئەمەس، مۇسىبەت،
تولغان گەمە ئويىنى...
ئەمدى دەۋران باشقىچە،
تاپتى ياشلىق چىن لەززەت.
پىچىغىدا زور لوقىنىڭ،
تەلىنىما يدۇ مۇھەببەت.
يېڭى پەرھات-شىرىنلار،
كوردى ئىكرام ۋە ئىززەت.
يېتىپ زامان قەدرىگە،
ئەلگە باغلاپ رىشتىنى.
توي غىزاسى يىگەندە،
ئەسلەپ جەڭچى، ئىشچىنى.
ئۆلغا يىتىگلار تېخىمۇ،
يۇرتنى گۈللەش ئىشقىنى!...

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ساندۇق ئىچىدىن ھاكىم

بۇ يىل بىزنىڭ شۇ يۇرتتا،
تۈرلۈك-تۈمەن ئىش بولدى.
قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان،
كۆز كۆرمىگەن ئىش بولدى.
قولغا قايتىپ ئەركىمىز،
زەپمۇ بەلەن ئىش بولدى.
كۈن كۆرمىگەن تەسكەيلەر،
كۆردى ئاپتاپ-يورۇقنى.
ھەممە سەپتە گۈل قىستۇق،
قۇچۇپ يېڭى ئۇتۇقنى.
ئېلىپ باردۇق چوڭ سايلام،
يۇر كۆزۈپ چوڭ ھوقۇقنى.
ۋەكىللەرنى سايلىدۇق،
ئەل غېمىنى يېسۇن دەپ.
قۇرۇلتايدا ئامىنىڭ،
دىل سوزىنى دېسۇن دەپ.
«تومۇر تاۋاق»چېقىلىپ،
چىقسۇن يېڭى يوسۇن دەپ.
سېلىشتۇردۇق ئەترابلىق،
كىملەر نادان، كىم ئاقىل.
كىم ھەققى تىرىشچان،
كەسپكە پىششىق ھەم كامىل.
كىملەر بوشاڭ، مۇت كىپەن،
يۇرت ئىشىغا كىم قابىل.
سۇرۇشتۇرمەي مەرتىۋە،
چوڭراق سالدۇق نەزەرنى.
نەپسكو يىنى قالدۇرۇپ،
تاللىدۇق جىڭ گۆھەرنى.
ئەل سۆيىدە ئاقارنى،
ئەل ئۆتىدا كۆيەرنى.
ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان،
مەھرۇم بولدى مەنسەپتىن.
ساندۇق ئىچىدىن ھاكىم،
چىقىپ قالدى توساتتىن.
تاماخورلار تولغاندى،
ئاڭا چۈشكەن بېلەتتىن.

ئەسلى ئىدى دادۇيجاڭ،
ئەل ئىشىغا پەرۋانە.
كۆڭۈللىشىشكە يۇرتىنى،
تەشنا ئىدى ھامانە.
يېڭىپ جاپا-توسقۇننى،
ماڭدى ئالغا مەردانە.
تەدبىق قىلدى ھەر ئىشتا،
ئىلغار ئىلمىي ئۇسۇلنى.
ئەلگە، پەنگە تايىنىپ،
گۈللەندۈردى دەشت-چۆلنى.
ئاپەت باسقان يىلدىمۇ،
كېمەيتمىدى ھوسۇلنى.
كەلدى مەركەز پەرمانى،
يەرنى ھوددە بېرىشكە.
دىدى شۇندا بەزىلەر:
«بۇ — خەتەرلىك ئەۋرىشكە»
«خاتا يول»دىن پەش قېقىپ،
بولماق بولدى پەرىشتە.
ئىشەنگەچكە دادۇيجاڭ،
پارتىيىگە دىل بىلەن.
بېسىملارغا تىز پۈكمەي،
ماڭدى دادىل ئەل بىلەن.
ئىجرا بولدى سىياسەت
توغرا، داغدام يول بىلەن.
ئاما ئۇنىڭ ئىشىغا
ئادىل باھا بېرىشتى.
ئۆستى ئەزا غەيرىتى،
ئۆز يېرىدگە ئېرىشتى.
روناق تېپىش يولىدا،
ئىشقا راسا كىرىشتى.
ئۇلۇغ، شانلىق ئاخبارات،
يول كۆرسەتتى چىراقتەك.
يوشۇرۇنغان ئاكتىپلىق،
ئۇرغۇپ چىقتى بۇلاقتەك.
ۋايساپ باقتى بەزىلەر:
«بۇ — تارىخى ساۋاق»دەپ.

دېمەك بۇ دادۇيجاڭ:
«ساقلاپ قالاي ئورنۇمنى»
پارتىيەگە ئەگەشتى،
كوزدە تۇتتى ئومۇمنى.
قەد كوتەردى ئەل ۋە يۇرت،
كورۇپ تېزلا ئۇنۇمنى.
بۇ يېزىدا ئاخىرى،
زور موجىزە يارالدى.
چىقىپ يۇكسەك چوققىغا،
يۇرتىنىڭ داڭقى تارالدى.
بارچە كادىر، ئەزانىڭ،
كوكسىگە گۇل تاقالدى.

قايىل بولدى دۇيجاڭنى،
«نادان، قارام» دېگەنلەر.
پەخىرلەندى، سويۇندى،
«قابىل، يارام» دېگەنلەر.
چەك تاشلىدى ئۇنىڭغا،
«ئادىل سايلام» دېگەنلەر.
ئەل كوتۇرەر بېشىدا،
ئەلگە خىزمەت قىلسا كىم.
چوڭ يۇرۇشتە ئۇستىگە،
ئېغىر يۇكنى ئالسا كىم.
مانا شۇنداق چىقىدۇ،
ساندۇق ئىچىدىن ھاكىم...

# قىز ئەمەس

غالىپجان ئوسمان

«كىچىكمەن، يارتۇتۇش كىرمەس ئېسىمگە...»
دەيتتىمۇ- بىرسىگە كويدۇم مەن شۇتاپ.
ۋاھ، ئۇنىڭ ئوتلىرى نىمانچە يامان،
سويگۇسى چىرمىشىپ ئەيلىدى بىتاپ.

مەن ئۇنىڭ ئىشقىغا پايلىماي بۇدەم،
قويدۇم بار ۋەسلىمنى، جېنىمنى ئاتاپ.
«ئۇزى كىم؟» دېسەڭلار، ئاڭلاڭلار دوستلار،
ئۇ- ئەقىل غەزىنىسى، قىز ئەمەس، كىتاپ...

# كەلدىم

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

ئېقىپ پۇتمەس بۇلاغىڭدىن ئىچىپ سۇ، قانغىلى كەلدىم،
ئىلىم-پەن ئىشقىدا مىسلى بولۇپ چوغ، يانغىلى كەلدىم.
دىلىمنىڭ رىشتىسى مەھكەم چىگىلدى بۇ قەدىم يۇرتقا،
ئىجاتكارلار ئىزى بويلاپ، يۇرۇشكە ماڭغىلى كەلدىم.
مۇبارەك، ئەي يىگىت كەلگىن،- دېدى ناخشا-ئۇسۇل يۇرتى،
بۇدەم بەزمە تۇزۇپ ياڭراق دۇتتارىم چالغىلى كەلدىم.
ھۇنەر-سەنئەت بىلەن بۇ يۇرت قازانغان كاتتا شان-شوھرەت،
شۇ شوھرەت كانىدىن ئالتۇن-گوھەرلەر قازغىلى كەلدىم.
ئەمەس سەيياھ كورۇپلا مەن كېتەرگە بۇ گۇزەل يۇرتنى،
يېڭىش تۇلپارىنى ئوتكەل-داۋانغا سالغىلى كەلدىم.
سۇزۇك قاشتاشقا گەر قىلسام قىياس ياشلىق بۇدەۋرىنى،
شۇ ياشلىق تارىخىنى شان-ئۇتۇقتىن يازغىلى كەلدىم.

# سوغاققۇمدىكى باھار

دولقۇنجان تۇرسۇننىياز

تەكلىماكان ـ تەكتى ماكان بىـزنىڭ ماكان،
قۇملۇق چولنىڭ بۆرجىگىدە مەلىمىز بار.
ئەتراپىدا قەد كېرىگەن يېشىل سېپىل،
ئالدىدا سۈپ-سۈزۈك ئاققان سۇلىرى بار.

تەكـلىماكان! سەن توغرۇلۇق نەزمە تۈزۈپ
تەرىپىڭنى كۆي قېتىشقا ھەققىم بارغۇ.
ئاقلىمىسام سېنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىڭنى،
بەرگەن تۈزۈڭ ھارام بولسۇن، كوزۇم قارغۇ.

«سىرلىق ماكان» دەيتتۇق بۇرۇن، مانا بۈگۈن
سىرلىرىڭنى ئاچتى خەلقىم غەيرەت قىلىپ.
گاڭ بىلەكلەر قۇچىغىڭغا سۇ باشلىدى،
چاڭقاقلىغىڭ پۈتتى ئەمدى سۇغا قېنىپ.

«ئادەم قولى چولنى بوستان قىلار» دىگەن،
كونىلاردىن قەپ قالغان بىر، ھەق سوزغۇ بۇ.
خامانلاردا تاققا تەڭداش كورۇنگىنى،
قۇم بولماستىن بەلكى دىخان ساپ تەرى ئۇ.

تەكلىۋىم شۇ:ـ ئەي رەسساملار، مۇزىكانتلار،
بۇكەمدىكى «سوغاققۇم»غا تىكىڭلار كوز.
«شامال ئاغزى»، «بوران يۇرتى» ئەشۇجايغا،
قۇچكەن يېڭى باھار بۈگۈن چاقنىتار كوز.

# يېڭى ھايات

(ھېكايە)

ئابدۇقادىر سادىر

ئۇ، ئۆزىنىڭ يېڭى ھوجرىسىغا كوچۇپ چىققان بۈگۈنى كېچىسى زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ۋاقتىنىڭ تاڭغا يېقىنلىشىپ قالغىنىغا قارىماي، ئارقا-ئارقىدىن ئۇلىشىپ كېلىۋەرگەن خىيال دولقۇنلىرى ئۇنى، بىردە يەتتە-سەككىز يىلنىڭ نېرىسىغا ئېلىپ ئاپارسا؛ بىردە، بۈگۈنكى باياشات تۇرمۇش ئۈستىگە ئەكىلىپ تاشلايتتى...

مەھەللە كىشىلىرى ئارىسىدا «غىجەك» لەقىمى بىلەن ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان سېلىماخۇن ئىسىملىك ئوتتۇرا بوي، قاراچىراي، چار ساقال، ئوسكىلەڭ قاش، چوڭكوز، ئورۇقچىنەكەلگەن بۇ كونا دېھقان، شۇ تاپتا مەسئۇلىيەت ئېتىزىغا سىڭدۈرگەن ماڭلاي تەرىنىڭ باياشات ئەجرى مېۋىسىدىن شاتلانماقتا ئىدى.

ئۇ، تۈرۈستىكى چولپان يۇلتۇزىدەك چاقناپ تۇرغان ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ يورۇقىدا، بۈگۈن ئەتىگەن سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ كوچۇپ چىققان بۇ يېڭى ئىسكەتتىكى ئۆيىنىڭ تام-تۈرۈس، ئىشىك-دېرىزىلىرىدىن تارتىپ، ھەر-بىر جاھاز-بىساتلارغىچە ئاجايىپ زوقمەنلىك بىلەن كۆز سالاتتى.

ئۇ، تېخى ئۈچ-تۆت سائەتچە ئىلگىرى، ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى ھوجرىغا كوچۇش — شاتلىقىنىڭ بەزمىسى سۈپىتىدە مەھەللە جامائىتىگە ئۆز نامىدىن مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ، ئەشۇ گۈزەل ۋىسال جانانىنى قۇچاقلىغان ئوتلۇق كۆكسىدىن، ئاخشامقى مەشرەپتە غىجەككە تەڭكەش قىلىپ توۋلىغان مۇقام-ناخشىلىرى قايتا ياڭرىغاندەك بولدى؛

«دەۋرىمىز باھارىدىن زەپ ئىللىق ھاۋا كەلدى،
يول باشلاپ يېڭى تۇرمۇش-ھاياتقا رەھنەما كەلدى.
تۇرمۇشنى لەززىز قىلغان قەنچايدەك سىياسەتتىن،
زەردىگوش يۈرەكلەرگە خوپ دەرمان-داۋا كەلدى.
ھورلۇكتە، ھالال ئىشلەپ نەق ئالغان دارامەتتىن،
قوش ئايۋان-ساراي سالماق ئەمدى راس راۋا كەلدى.
.........................................................»

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



ئۇ، ئۇڭدىسىغا ياتقىنىچە مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى. شۇتاپتا ئۇ «زامان ماڭىمۇ كۈلۈۋاتىدۇ-ھە!» دېگەنلەرنى قايتا-قايتا پىچىرلايتتى.

دېمىسىمۇ، يېشى ئەللىكلەرگە يېقىنلىشىپ قالغان بۇ ئادەم، ئەينى يىللىرى قول-ئىلكىدىمۇ بار، جاپالىق ئەمگەكلەردىن قورقۇپ قالمايدىغان، غەيرەتلىك، تەمبەل دېخان بولسىمۇ، ئۆمرىنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ «تەقدىر-قىسمەت»نىڭ پاراكەندىچىلىكى ئېلىپتەك قەددىنى-دال، ئۆتكۈر لەۋزىنى گاچا، قولىنى قىسقا قىلىپ قويغانىكەن. ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھايات يولى ۋە ياشاش ئۈمىدىدىن كۆڭلىنى ئۈزگەن بولۇپ، بۈگۈنكىدەك «توققۇزى تەل» گۈزەل تۇرمۇش، ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.

مانا بۈگۈن بولسا، ئۇنىڭ بارغانسېرى ياشىرىپ كېتىۋاتقان بەستىدە قايتىدىن ئۇرغۇپ-تېشىۋاتقان غەيرەت-شىجائىتى، يېڭى ھايات ھۇلىنى تىكلەش يولىدىكى تەدبىرلىك ئەقىل-پاراسىتى پۈتۈن مەھەللىدە خەلقنى قايىل قىلماقتا ئىدى.

سېلىماخۇن ئاكا، «زامان ماڭىمۇ كۈلۈۋاتىدۇ-ھە!» دەپ توختىماي پىچىرلاۋاتقان ئەنە شۇ مىنۇتلاردا، ئۇنىڭ تېخى تاپ-تازا تۇرغان زېھنى ئەينىكىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا سۇسىز-چۆلدەك چاك-چاك قۇرۇپ كەتكەن ئائىلىۋى ھاياتىنىڭ ئاچچىق كەچمىشلىرى، گويا تۈتەپ تۇرغان قارا چىراقتەك غۇۋا ئەكس ئېتىشكە باشلىدى...

❖ ❖ ❖

جان خۇراتقۇچى ھەشەمەتلىك داش قازانغا قاراشلىق ئېغىر يىللار...

بەش يىلدىن بېرى ئېغىر ئاشقازان يارىسى ۋە خۇن كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ياتقان خەيرۇلاخان ئاچىنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپقاچ، يىل-ئون ئىككى ئاي تىنىم تاپماي ئىشلەۋاتقان سېلىماخۇن تۇرمۇش يولىدا بارغانسېرى كەينىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆي-ئوقىتىگە كەلسەك، ساناپ بەرمەك ناھايىتى ئاسان: بۇ ئائىلىدىكى بەش جان كىشىنىڭ قىش-زىمىستاندىن، ياز-تومۇزدىن پانالىنىدىغان بىر ئېغىز كومۇلاچ تامىلىق كونا ئۆيدە تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەن بىر پارچە كىگىز، قايسىدۇر بىر يىلى دۆيدىن نەپەقىگە بېرىلگەن بىردانە كوك چىت يوتقان، ياغىسىراپ كەتكەنلىكىدىن قىپ-قىزىل ئەمەس رەڭگىگە كىرىپ قالغان بىردانە قازان ۋە بىرجۈپ سۇغا (ياغاچ چېلەك) تىن باشقا، قولغا چىققۇدەك بىرنەرسە يوق ئىدى.

ئۇنى ئاز دېگەندەك، ئۇدا سەككىز-توققۇز يىل بىر تىيىنمۇ دارامەت تەگمىگەنلىكى ئۈستىگە، توپە-توپىلەپ يۈكلىنىۋاتقان تاماق پۇل قەرزى، بىر نويىنىڭ روزىغارى، بۇرنىدىن تارتسا يىقىلغۇدەك ھالدا تۇرغان سېلىماخۇننى ھەدەپ قىستىماقتا ئىدى. ھەر

ئولپەش-يىگىرمە كۈندە بىر قېتىم يوقلاپ تۇرىدىغان تاماق پۇل قەرزى يىغىۋالغۇچىلار، ھېلى قازان بىلەن سوغىنى كوتۇرۇپ ماڭسا، ھېلى كونا پالتا بىلەن پايپاق ئەتىۋزۇشكە تەييارلىغان ئىككى-ئۈچ جىڭ قوي يۇڭىنى ئەپكېتىپ تۇراتتى. ئاخىرىدا نىمسجان ياتقان خەيرۇلخان ئاچىنى داۋالىتىشقا سەرپ قىلارمەن دەپ يوشۇرۇن بېقىپ كېلىۋاتقان كوك ئوغلاقمۇ دادۇيگە كېتىپ قالدى.

ئەمدى ئۇلارغا ئەشۇ بىر ئېغىز ئۆينىڭ «توت بۆلۆك، بىركۆلۆكى»لا قالغان» بولۇپ ئۆيدىكى بەشجان ئائىلەنىڭ كۈنى بىر قانچە قېتىم تازىم قىلىپ، بىر تالاي تاپا-تەنىلەرگە كومۇلۇپ يۈرۈپ ئېلىپ كېلىنىدىغان 10—20 جىڭ قوناق ئۇنى بىلەن ماشقىلا قاراشلىق قالغان ئىدى. يېڭىدىن ھوقۇق تارتىۋالغان دادۇيجاڭ خەلقنىڭ ھالىغا يەتمەيتتى.

ئۆششۈك شامال زەربىسىدىن دەل-دەرەخلەرنىڭ ئاخىرقى ياپراقلىرىمۇ قالماي توكۈلۈپ بولغان كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. كېسەلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ، گور ئالدىغا بېرىپ قالغان خەيرۇلخانىنىڭ قىينىلىپ يېتىشىدىن يۈرىگى ئېچىشىۋاتقان سېلىماخۇن، ئۆز-ئۆزى بىلەن بىرھازا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، خوتۇنىنى داۋالىتىۋېلىتىش ئۈچۈن ئون-يىگىرمە كويقەرز سوراپ بېقىش ئۈمىدىدە دادۇيگە ماڭدى.

—ھە، كېپ قاپتىمىزغۇ؟—دېدى. ماچىلدىتىپ قۇرۇق كىشمىش چاينىپ ئولتۇرغان دادۇيجاڭ قاپىغىنى تۈرۈپ.

—ئانىسىنى دوختۇرغا ئاپىراي دېۋىدىم، ئازراق....

—بوپتۇ، بوپتۇ، ئاپىرىۋېرىڭ، داۋالاتسىڭىز بولىدۇ،—دېدى ئۇ سېلىماخۇننىڭ گېپىنى بولۇپ، تەستىقلاش ئاھاڭىدا.

—شۇنداق، ئاپارسامغۇ بولاتتى، ئۆزلىرى بىلىلا قولۇم قىسقا، ئازراق قەرز پۇلغا ئامال قىلىپ بېرەمدىكىن، دەپ....

—پۇل؟—دېدى، دادۇيجاڭ مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ، «بېرىپ باق، سوراپ باق»دېگەننى ئاڭلىمىغان بولغىيتتىڭىز؟ ئالدى بىلەن زىممىڭىزدىكىنى تولىۋېتىڭ، ئاندىن ئويلىشىپ باقاي.

يەنە ياۋۇرۇشقا ھاجەت قالمىغان ئىدى. ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە دادۇي ئىشخانىسىدىن قايداق چىققانلىقىنى تۇيماي كېلىۋاتقان سېلىماخۇن جۇۋازخانا ئالدىغا كەلگەندە بىردەم توختاپ تۇرۇپ قالدى-دە، بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك قىلىپ، كەينىگە يانغىنىچە چوڭ يولغا چىقتى. ئۇ ناھىيىگە—پارتكوم سېكرېتارى لاۋفاڭنىڭ يېنىغا بېرىش، ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدى ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بۇ كەنتكە رايكوم باشلىقى بولۇپ چۈشكەن، ھازىر ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى بولۇپ ئىشلەۋاتقان كونا ئاغىنىسى لاۋفاڭدا قالغان ئىدى.

ئۇلار راستىنلا كونا ئاغىنىلار ئىدى.

ئازاتلىق تېڭى ئاتقان دەسلەپكى كۈنلەر، سېلىماخۇننىڭ بۇرۇتى ئەندىلا خەت تارتقان مەزگىل. لاۋفاڭ بۇيەرگە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئۆمىكىنى باشلاپ كەلدى. جاھالەتلىك كونا زاماننىڭ ئەپرىتى تېشىپ تۇرغان سېلىماخۇن لاۋفاڭلار بىلەن مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ، بىرلىكتە جەڭگە ئاتلاندى... كېيىن يەر ئىسلاھاتى ھەركىتى باشلانغاندا، سېلىماخۇن تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى.... فېئودالىق ئېكىسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى تەگ-تومۇرىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. كوللېكتىپلىشىش، خەلق كوممۇنىسى قۇرۇش يىللىرىدا بولسا سېلىماخۇن ھەممىشە ئاممىغا باشلامچى ئىدى... لاۋفاڭ ئۇنى پات-پات يوقلاپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ تويىغىمۇ قاتناشقانتى....

ئۇ ئەشۇ يىللاردىكى جەڭگىۋار قەدەملىرىنى غەمسىز كۈنلىرىنى ئەسلەپ ۋۇجۇدى كۈچ-مادار تاپقانمۇ-نېمە، ناھىيىلىك پارتكوم بىناسى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى.

سېلىماخۇن ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگىنىدە، لاۋفاڭ قانداقتۇ بىر ھۆججەتكە تەستىق سېلىۋاتاتتى...

—ۋوي سېلىماخۇن كېلىڭ، كېلىڭ،-دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ساپاغا تەكلىپ قىلدى.

سېلىماخۇن بولسا، يا ئولتۇرۇشنى، يا ئۆرە تۇرۇشنى بىلمىگەندەك تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتى.

ئۇنىڭ بىرەر دەرت-ھال بىلەن كەلگەنلىكىنى بايقىغان لاۋفاڭ، سېلىماخۇننىڭ قولىدىن يېتىلەپ كېلىپ ساپاغا ئولتۇرغۇزدى ۋە بىر ئىستاكان قايناق سۇ تۇتتى. ئاندىن ئۇنىڭ گېپىنى كۈتۈپ تۇردى.

سېلىماخۇن ئاكا ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، بۇيەرگە كېلىشىدىكى سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، ئۆتكەن قېتىم يېزىغا چۈشكەندە دادۇيگە ئۆز ئېغىزى بىلەن قىلغان ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ شۇپېتىچە قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن لاۋفاڭ تىت-تىت بولغىنىدىن، ئارقا-ئارقىدىن ئىككى تال زىيەننى شوراپ بولدى-دە، تەمتىرەپ تۇرغان قولىنى تېلېفونغا ئۇزىتىپ، يەنە قايتۇرۇۋالدى ۋە بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، سېلىماخۇننى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ، خەلق ئىشلار بۆلۈمىدىن ئەللىك يۈەن سوغۇرتا ئېلىپ بەردى.

كوڭلى-كۆكسى خېلىلا ئىممەن تاپقان سېلىماخۇن ناھىيە بازىرىدىن ئۆتكەندە، قولىدىكى بىر سەققىم پۇلغا چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۇزۇنغىچە قاراپ ماڭدى ۋە ئۇنى توش يانچۇقىغا ئاۋايلاپ قىنا جايلاشتۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خەيرۇلخان ئاچىنىڭ گاھ ئاق يوپۇقلۇق كېسەل كارۋىتىدا ئوبدانلا ياتقان خاتىرجەم ھالىتى، گاھ، سېلىماخۇننىڭ ئالدىغا ھورى چىقىپ تۇرغان ئىسسىق ئاشنى قويۇۋاتقان ھالىتى كەينىدىن سەللىمازا ساقايغان خەيرۇلخاننىڭ ئىشىك ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان خۇشال چېھرى ئەكس ئەتكەندەك بولدى.

لېكىن ئۇ، «كاداي تالىقان يەسەبوران چىقىپتۇ» دېگەندەك، ئۆزىنى يەنە بىر يېڭى بالا-قازانىڭ كۆتۈۋېلىشىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن ئىدى.

شۆكۈنى كەچتە تېلىمۇنغا چاقىرتىلىپ، فاكشۇجىدىن بولدى دېگەندەك تەنبىھىيگەندا دۈيجاڭ بۆكېچىنى تولىمۇ تەسلىكتە تاڭ ئاتقۇزدى. ئۇ يۈز- كۆزىنى يۇيا-يۇماستىنلا چاپىنىنى ئۈچىسىغا تاشلاپ ئۇدۇل كاسسىرنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

—ئۇزەددىنى بىلمەيدىغان قەلەندەر، —دېدى ئۇ، ئىشىكتىن كىرە-كىرمەيلا ۋەكىلە گىمىز گەۋدىسىنى كارۋاتقا جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كاسسىرغا ئېيتتى:

—قارىماسىز، ھېلىقى سېلىم غەجەك دېگەن بىر نىمە كوللېكتىپنىڭ شۇنچىۋالا قەرزىنى يودىۋېلىپ، توشنى چىقىرىپ يۇردۇۋالغۇدەك تۇرۇقلۇق، تېخى بىزنى ناھىيىگە چىقىشتۇرۇپ بېرىپتا! مەن دادۇينىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىگە مەسئۇللۇق سۈپىتىم بىلەن قارار قىلىمەنكى، سېلىم غەجەكنىڭ نىمىسى بولسا ساتتۇرۇپ، زىممىسىدىكى قەرزلەرنى شۇ بۈگۈندىن قالدۇرماي يىغىۋېلىڭ!

—ئۇلارنىڭ يەنە نىمىسى باركىن-تاڭ؟ ئولتۇرۇۋاتقان بىر ئېغىز كونا ئۆيدىن باشقا...—مەيلى، نىمىسى بولسا-بولسۇن دېدىمغۇ؟ —دېدى ئۇ كاسسىرنىڭ گېپىنى بولۇپ.

بۇ دادۇيدە مەيلى ئەزا بولسۇن، مەيلى كادىر بولسۇن، ئۇنىڭ دېگەن كېچىگىمگە كىرمىگەن ئادەمنىڭ ئەي بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەن كاسسىر، شۆكۈنىلا قەرز يىغىۋېلىش گۇرۇپپىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ سېلىماخۇننىڭ بۇلبۇلدەك سايراپ ياتقۇرۇشلىرىغىمۇ قارىماي، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىساتىنىمۇ قويماي قۇرۇتۇۋەتتى، ھېلىمۇ ياخشى، بۇ ئائىلىدىكى بەش جان ئادەمگە، قەرز يىغقۇچىلارنىڭ نەزىرىدىن خالىي قالغان بىر ئەسكى گەمە —لا قالغان ئىدى.

ئۇلار گەمىگە كۆچۈپ كىرگەننىڭ تۆتىنچى كۈنى، خەيرۇلخان ئاچا ئالەمدىن ئۆتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن غەجەكنى قولتۇغىغا قىستۇرغان سېلىماخۇن ئۈچ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ يۇرتتىن چىقىپ كەتتى....

❖ ❖ ❖

باش ئەتىياز،

ئېرىق-ئۆستەڭلەر بويىدىكى كۆكاتلارنىڭ يەر ئۈستىگە سىزىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، سۆگەت شاخلىرىدىن مۆدىرەپ چىقىشقا باشلىغان چوكانتال بىخلىرى باھار يېتىشلىگىندىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. ئۆزلىرىگە كەلگۈسى ئەۋلات چىقىرىش ئۈچۈن قىزدىق ئۇۋىغا ئىزدەۋاتقان قارغۇچىلارنىڭ شاختىن-شاخقا سەكرەپ ئىسقىرتىشلىرى، باشقا ھەرخىل باھار قۇشلىرىنىڭ ئۆز تىلىدا نىمىلەرنىدۇ دېيىشىپ، زوق-شوقى بىلەن سايراشلىرى جۇلالىنىپ كېلىۋاتقان تەبىئەتكە تېخىمۇ جان كىرگۈزگەن ئىدى. پۈتۈن مەۋجۇداتقا ئەنە شۇنداق

خۇشاللىق بېغىشلاپ كېلىۋاتقان بۇ گۈزەل مېھمان، سېلىماخۇن ئاكىنىڭ ياقا يۇرتلاردا تىنەپ-تەمتىرەپ ئۆتكۈزۈۋاتقان سەرگەندانلىق ھاياتىنىڭ سەككىزىنچى قېتىملىق ئىلپىتى ئىدى.

شۈكۈنلەردە، مەلۇم ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش-تىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش نەق مەيدان يىغىنىغا كەلگەن لاۋفاڭ بۇ يەرنىڭ يېڭىدىن جانلىنىۋاتقان يەكشەنبە بازىرىنى تاماشا قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ، بازارنىڭ ئاخىرقى بېشىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز ھالدا بىر توپ قېرى ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ ئاستىدا، چوڭ ئىككى باغلام كۆلا-كۇشۇكنى ئالدىغا دۆۋىلەپ قويۇپ ئولتۇرغان بىر كىشىگە كۆزى چۈ-شۈپ قالدى. «ئەجەپ بىر تونۇشتەكلا قىلىدىغۇ بۇ ئادەم ؟»-،دېدى لاۋفاڭ ئۆز ئىچىدە ۋە يېراقتىن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

بېشىغا قويۇق تىرىسىدىن تىكىلگەن كونا پاخما تۇماق، ئۇچىسىغا كونىراپ ئۆڭى ئۆچۈپ كەتكەن سېرىق كالتە چاپان، پۇتىغا نىمكەش بولغان كوك چوخەي كىيىۋالغان يەرتىق شىملىق، قارا چىراي كەلگەن بۇ ئادەم لاۋفاڭغا ناھايىتى يېقىن بىر تونۇشتەك تۇيۇ-لۇشقا باشلىغاندا، ئۇزىگە خېلىدىن بىرى دىققەت تە بولۇۋاتقان لاۋفاڭنى بىر قاراشتىلا تو-نىغان كۆلاساتقۇچىمۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

«ھە، شۇ!»-دېدى لاۋفاڭ ئۆز ئىچىدە ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ناھايىتى چاققانلىق بىلەن كېلىپ، ئىككى قولىنى تەڭلا سۇندى.

-سالامەتمۇسىز، سېلىم ئاكا!

-لاۋفـاڭ!-دېــدى ھاياجاندا لەۋلىرى تىتىرەپ تۇرغان سېلىماخۇن ۋە لاۋفاڭنىڭ ئىككى بىلىكىگە مەھكەم يېپىشقىنىچە، ياش ئەگىپ تۇرغان كـۆزلىرىنى يـان تەرەپـكە يوشۇردى.

-بولدى، كۆڭلىڭىزنى چاچماڭ،-دېدى لاۋفاڭ ۋە ئۇنى بەزلەش ئۈچۈن ئـەتەيگە گەپنى ،ئۇنىڭ يېنىدىكى بالا ئۇستىگە بۇرىدى:

-ھە، بۇبالىمۇ چوڭىيىپ قاپتۇ، بالىلارنىڭ چوڭى مۇشۇغۇ-دە يەمەن؟

-شۇنداق، ئىشقىلىپ چوڭ بولدى-دە،...

-قالغان ئىككىسىچۇ؟

-ئۇلار مۇبار...-دېدى سېلىماخۇن ۋە ئىنىگىدىمۇ چوڭقۇر بىر تىنىپ قـويدى. ئۇ، ئىككى بالىسىنىڭ كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى يوشۇرغان ئىدى.

بۇچاغدا، ھەر بازار كۈنى ئەنە شۇ ئاكاتسىيە تۈۋىدە توكۇلۇپ ئـولتۇرۇپ كۆلا-كۇ-شەك ساتىدىغان بۇ، جۇلدۇر كىيــىملىــك ئــادەم بىــلەن سالاپەتلىك بىر كىشىنىڭ، كونا-قەدىردانلارچە كورۇشۇپ كەتكىنىگە ھەيران بولغان بەزى بازارچىلار ئۇلارنىڭ ھەر-

كىتىمگە زورقىزدىقمىش بىلەن سەپسالماقتا ئىدى.

ئۇلار ئەنەشۇ ئاكا تىسىيە تۇۋىدە خېلى ئۇزۇنغىچە مۇڭداشتى. سۆھبەت - سېلىماخوننى ئەينى ۋاقىتتا يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان ئىشلاردىن باشلاپ، سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن 8 يىللىق كۈلپەتتە توختاپ، ئاخىرىدا، يۇرتقا قايتىپ كېتىش ئۈستىگە يۆتكەلگەندە، سېلىماخوننىڭ يۈرەك زىلدىلىرى يەنە بىرقېتىم قوزغالغاندەك بولدى.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، لاۋفاڭ، بىراق مەن قايتىپ بارمايمەن.

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلىمەن، - دېدى لاۋفاڭ تەمكىنلىك بىلەن، - سىز ئاشۇ كۈنلەرنى قايتا كۆرمەسلىكنى ئىزدەيسىز، لېكىن سىز ھېمىشەم تۇرۇۋاتقان مۇشۇ بازارغا قاراڭ، بۇ بازار ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇنچىلىك ئاۋاتمىدى؟ سىزگە ئوخشاش ئاز-تولا تىرىكچىلىك يولىغا ماڭغانلار، بۈگۈنكىچىلىك مۇشۇنداق خاتىرجەم سودا-سېتىق قىلالايتتىمۇ؟ بۇ، ۋەزىيەتنىڭ تازا ئۆڭشىلىۋاتقان ۋاقتى. سىزنىڭ يۇرتىڭىز ئۇ چاغدىكىدىن ئاسمان-زېمىن پەرقىدە ياخشىلىنىپ كەتتى. تەشكىل ۋە يولداشلار سىزنىڭ قايتىپ بېرىپ، يېڭى تۈزۈمدىن بەھرىمەن بولۇشىڭىزنى، يۇرتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش كۈرىشىدە، ئۆز ئەجرىڭىزنىڭ مېۋىسىدىن ھوزۇر ئېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. خۇسۇسەن مەن سىزنىڭ قايتىپ بېرىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن....

❖ ❖ ❖

قايتىپ كەلگىنىگە بىر ئايچە بولۇپ قالغان سېلىماخون يېزىسىنىڭ يېڭىچە قىياپىتى، يۇرتداشلىرىنىڭ ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولغان خۇشال كەيپىياتىدىن، لاۋفاڭنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ چىنلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىگە تېخى ئانچە ئىشىنەلمەيتتى. «كىم بىلىدۇ، - دەيتتى ئۇ، ئۆز-ئىچىدە، - يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى نى ئىشلارنى كۆردۈم: بىركۈنى ئۆي-ئوقىتى كۆپەيتىپ قالغانلار «بېسىمدار، زاماندىن گۇمانلانغان ئۇنسۇر» دەپ ئەدەۋىنى يېدى؛ بىر كۈنى، چارۋا-ئۇلاغلىرىنىڭ 4-5 كە يېتىپ قالسا «كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرگەن» بولۇپ يېمىگەن گېشكە تويدۇق؛ بىركۈنى يەنە باشقا بىرنېمە... ھەي تاڭەي، بۇ بايبولۇش دېگەنلەرمۇ قانداق بولاركىن؟»

ئۇ ئەنە شۇنداق ئويلاردا بولسىمۇ، ئۆزىدىن ئىلگىرى قەد كۆتەرگەنلەرنىڭ دەخلىسىز گۈللىنىشكە باشلىغان تۇرمۇشىنى كۆرگەندە، يەنە بىر ئاز ئىشەنچىمۇ تۇغۇلاتتى-دە، ئۆز ئىگىلىكىنى تىكلەشكە بولغان مۇھەببىتى كۈچىيىشكە باشلايتتى.

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى يىلنى ئەنە شۇنداق دىلغۇللۇق ئىچىدە

بېسىپ ئۆتتى. سېلىماخېن ئەشۇ يىللى ھوددە ئالغان يېرىدىكى ئاشلىقنىڭ 2 مىڭ 500 جىڭىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كىرگىنىدە، بىر يىللىق ئەجرى ئۈچۈن مۇكاپاتقا كەلگەن شۇنچە ۋولا ئاشلىقنىڭ ئۆزىگە تالىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلىگۈسى كەلمىگەنىدەك، بىر نەچچە ھەپ-تىلەرگىچە تاغالارنىڭ ئېغىزىدىنمۇ يەشمىگەن ئىدى. كۈز كېلىپ، يەنە توپلەپ كىرگەن 4 قاغار قوناق بىلەن 316 يۈەن نەق پۇل دارامىتى، يىگىرمە نەچچە يىللىق ھاياتىدا ئىشلىگىنىنىڭ لەززىتىنى تېتىپ كۆرمىگەن بۇ جاپاكەش دېخاننىڭ كۆڭلىنى ئاجايىپ كۆتىرۋەتكەن ئىدى.

.... ماتا ئەمدى بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى مەھەللە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، كوزگە كۆرۈنگەن ھاللىق ئائىلەلەردىن بولۇپ قالغان ئىدى. چوڭ-كىچىك چارۋىدىن باشلاپ، ھار-ۋا، رادىيو، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، ئىشقىلىپ بىر ئۆيگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق-لانغان ئىدى. ئۇنىڭ بۈگۈن كوچۈپ چىققان يېڭى ھوجرىسىمۇ، مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

❖ ❖ ❖

سېلىماخۇن ئاكىسىنىڭ خىيال كېمىسى، ھايات دېڭىزىنىڭ ئەنە شۇ گۈزەل ئارىلىغا يې-قىنلاشقاندا، ئۇنىڭ ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان شاتلىق ھاياجىنىنىڭ بىرجۈپ بەختىيار مۇنچىغى، زىنناقلىرىنى بويلاپ دومىلىغىنىچە قولاق ئۈستىدىن ئۆتۈپ، بېشى ئاستىدىكى ياستۇق ئۈستىگە چۈشتى-دە، ئۇنىڭغا سىڭىپ كەتتى.

## خەلق ماقال - تەمسىللىرى

(خوشنىدارچىلىق توغرىسىدا)

△ خوشناڭنى ئالتۇنغا ئال، ئۆيۈڭنى كۈمۈشكە (ئال،)
△ خوشناڭ تىنچى، ئۆزەڭ تىنچى.
△ ئوتنى كوچىلىساڭ ئۆچەر، خوشناڭنى كوچىلىساڭ كوچەر.
△ خوشناڭ ساڭا ياقمىسىمۇ، سەن خوشناڭغا ياق.
△ خوشناڭ كەلسە ئاشقا، چىرايىڭ بولمىسۇن باشقا.
△ قولۇڭ ياغ بولسا خوشناڭغا سۈۋا.
△ خوشنىسىز ئەر-سۇسىز يەر.
△ خوشناڭ يىغلىغاندا سەن كۈلمە.
△ خوشناڭ بىلەن ئىناق ئۆت، جېدەل-ماجرادىن يىراق ئۆت.
△ تاڭدا قوپۇپ خوشناڭغا باق.
△ ياخشى خوشنا دەرتكە داۋا، ئوسال خوشنا باشقا بالا.
△ ئۆزەڭگە لازىم بولسا خوشناڭ يامانلىماپتۇ.
△ خوشناڭ بىلەن ئوبدان ئۆتسەڭ بېشىڭ ساق بولۇر،
خوشناڭ بىلەن يامان ئۆتسەڭ چېچىڭ ئاق بولۇر.

توپلىغۇچى: مويىدىن ئەخمەت

## كەلدىم

رىزۋانگۈل ھۆسەيىن

يىپەك يۇرتى بۈگۈن سېنى كورەي دەپ كەلدىم،
خەسلەتىڭنىڭ سىرلىرىنى بىلەي دەپ كەلدىم.
داڭلىق يىپەك، ئەتلەس، گىلەم، قاشتاشلىرىڭنى،
شېھىر قىلىپ مىسرالارغا تىزاي دەپ كەلدىم.
چەۋەر قوللۇق يىپەكچى ھەم خالۋاپ دوستلارغا،
ھورمەت بىلەن گۈل دەستىلەر تۇتاي دەپ كەلدىم.
قىزىل گۈللەر بىخلار سۇرۇپ خۇش پۇراق چاچقان،
باغلىرىڭغا بۇلبۇل بولۇپ قوناي دەپ كەلدىم.
ساپ ھاۋالىق يۇرۇڭقاشنىڭ ۋادىسىدىكى،
چىمەنزارنى سەيلى قىلىپ كىزەي دەپ كەلدىم.
تۇرۇپ يەڭنى، شىرىن بولۇپ سەپىنىڭ ئالدىدا،
كانلىرىڭدىن گوھەرلەرنى قازاي دەپ كەلدىم.
سەندە ياشناپ، سەندە كۆلگەن ئومۇر غۇنچەمنىڭ،
باھارىنى ساڭا تەقدىم قىلاي دەپ كەلدىم.

## ئىككى غەزەل

ھىسامىدىن ئومەر

١

بىر دىلمە نامۇ-شوھرەتكە، ئۇ يۇنغا زىبۇ-زىننەتكە،
ئەزەلدىن يات ئىرۇر بۇنداق قىلىقلار ئەلگە-مىللەتكە.
توكۇلمەي ماڭلىيىڭدىن تەر بىرەمدۇ مول ھوسۇل كەڭ يەر،
قۇرۇق ئارمان ئەمەس، لازىم شىجائەت ئەجرۇ-نىمەتكە.
ئومۇر ئۇ ئارتقا باقمايدۇ، مىسال: سۇ ئارتقا ئاقمايدۇ،
ئەگەر قىلساڭ مىنۇت ئىسراپ قالارسەن مەڭگۈ ھەسرەتكە.

يوقاتقىن ئەسكى ئىللەتنى-ھايا سىزلىقنى، سولەتنى،
بىلىك باغلاپ داۋان ئاتلاپ يۈرۈش قىل ئىلىمۇ-ھېكمەتكە.
ئۈگەن دوستۇم بىلىم ئالغىن، زەپەرنىڭ سازىنى چالغىن،
سەپەردە شان-شەرەپ قۇچساڭ ئىگەسەن شۇندا ھۆرمەتكە.

(2)

چىقىشساڭ تېچ-ئىناق ئۆتسەڭ ۋەتەن، ئەل ھەم ئامان بولغاي،
«ئىنا قىلىق-كۈچ» شۇكۈچ بىرلە باياشات ھور زامان بولغاي.
قىلىپ مەنمەنچىلىك، ئەلگە بويۇننى غازكەبى تىكلەپ،
خەلقتىن ئايرىلىپ قالساڭ سېنىڭ ھالىڭ يامان بولغاي.
چېقىپ دوستۇڭنى دوستۇڭغا قاترىساڭ موكىدەك ھەريان،
ھامان شەرمەندە بوپ بىركۈن چىرايىڭ خەس، سامان بولغاي.
خورازدەك ھەممىگە داجىپ، بۇلۇڭ-پۇچقاقتا ھۆرپەيمە،
يولۇڭنى تاپمىساڭ دوستۇم ھاياتىڭ كۆل-خازان بولغاي.
ۋەتەن ئامراق، جاھان تەشنا ئىناق-تېچلىقتا، دوستلۇقتا،
كۈچىمىز كەلسە بىرلىككە جىمى ئىشلار راۋان بولغاي!...

## ۋاقىت قىممەتتۇر

(مۇستەھزات)

مەتكىرەم. ئىسمايىل

پەن-بىلىمنى ئۈگىنىشكە جۈرئىتىڭ بولسۇن،
بىلىمگىنى باغلا،
تەپەككۈرۈڭ دېڭىزى لىق گۆھەرگە تولسۇن،
ئۈمىتىنى ئاقلا.
ئۈتكۈزمىگىن بىكارغا شۇئىېزىز ئۆمۈرنى،
ۋاقىت قىممەتتۇر.
«قىزدىغىدا سوقماق كېرەك ھەردەم تۆمۈرنى»،
بۇ بىر پۈرسەتتۇر.
ئويۇن-كۈلكە ئىشرەتنى سەن تاشلىغىن ئەمدى،
ئۈگەن تىرىشىپ،
يېڭىۋاشتىن گۈزەل ھايات باشلىغىن ئەمدى،
شانغا ئېرىشىپ.

ئىلىم-ھېكمەت دېڭىزىدا كۆپتۇر زەر-ئۈنچە،
سەن ئۇنى سۈزگەن.
ئەجرى-تەرلىك، ئىجادىڭدىن ئاچقۇزغىن غۇنچە،
پەيزىنى سۈرگەن.
بۇرۇنقىلار ئېيتقان ئىكەن: «ئۆمۈر ئاتقان ئوق»
بۇ بىر ھېكمەتتۇر.
چېكى باردۇر بۇ ئۆمۈرنىڭ، چەكسىز ھايات يوق،
ۋاقىت قىممەتتۇر.

## كەپتىرىم

غوجى ئابدۇللا ناسىر

كەپتىرىم بار موللاقچى،
ئۇنى خۇشخۇي، يېقىملىق.
كەپ قىلالماس ئادەمدەك،
لېكىن شۇنچە ئەقىللىق.

قومۇسغا دان چاچسام،
يەيدۇ-قوساق توقلايدۇ.
ئۇچقاندا ئۇ ساماغا،
باش قېيىشتىن قورقمايدۇ.

چىقىپ ئاسمان قەھرىگە،
تىنىماي موللاق ئاتىدۇ.
كەپتىرىمنىڭ جۈرئىتى،
بەستىمگە كۈچ قاتىدۇ.

ئۆيلىنىمەن «كەپتەردەك،
كۆك قەھرىدە ئۇچۇش»نى.
ئېچىپ ئاسمان سىررىنى،
يەندە زەپەر قۇچۇشنى.

## خەلق ماقال-تەمسىللىرى

△ ھورۇنلۇقتىن بالاكېلەر باشقا، ئىشچانلىقتىن گۈل ئۈنەر تاشقا.
△ ئۆزەڭ ئۈچۈن ئۇخلاپ، باشقىلار ئۈچۈن چۈش كۆرمە.
△ يارىڭنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە، يېگىتنى ئەل ئارىسىدىن.
△ نامەردتكە سوزساڭ بويىنۇڭنى، پۇچەك ياڭاققا تولدۇرىدۇ قويىنۇڭنى.
△ ئىشلىسەڭ ئالىسەن تاغلاپ ئاش، ئىشلىمىسەڭ قالىسەن چاينىپ تاش.
△ ئىشلەپ يېگەن لەززەتلىك، تىلەپ يېگەن مىننەتلىك.
△ ئەقىللىق ئۆزىدىن كۆرەر، نادان باشقىدىن.
△ يازدا ئالتە چاپان، قىشتا كالتە چاپان.
△ ئىسراپچىلىق نەدە، تەر چىقمىغان يەردە.
△ كىشىنىڭكىنى بولاپ يەپتۇ، ئۆزىنىڭكىنى سىقىپ يالاپتۇ.

توپلىغۇچى: ئابدىخېلىل ئابدىخېۋىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن

# ياشانغانسېرى ياشىرىۋاتقان ئىجاتكار

## —شائىر جاپپار ئەمەت توغرىسىدا

قاھار جېلىل



يولداش جاپپار ئەمەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 40-يىللاردا سەپكە قېتىلغان پېشقەدەم شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئوتكۈر پىكىرلىك، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئەسەرلىرى ۋە ئۇمۇتۋار، تىرىشچان، سەمىمى ۋە كەمتەر پەزىلىتى بىلەن 35 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە جامائەتچىلىكنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

جاپپار ئەمەت 1929-يىلى 12-ئايدا خوتەن شەھىرى گۈلباغ مەھەللىسىدە بىر كىچىك سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ بىر يىللىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن 1942-يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئولكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن.

ئۇ ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ جۇڭگو ۋە چەتئەلدىكى ئىلغار پىكىرلىك مەشھۇر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. شۇ مەزگىللەردە، مەتبۇئاتتا تونۇلۇۋاتقان ل. مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ياش ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى زور ھەۋەس بىلەن ئوقۇيدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭدىكى ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەس تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۆزىنىڭ قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ «ۋەتەن ئوغلى» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1944-يىلىنىڭ باشلىرىدا «شىنجاڭ گېزىتى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنىدۇ. 1945-يىلى «شۇنداق ماڭ» دىگەن غەزىلى «خۇشتار» تەخەللۇسى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جامائەتچىلىكنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ.

جاپپار ئەمەت 1945-يىلى 5-ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چايخانا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇندىن كېيىن شۇچاغدا خوتەندە چىقىۋات-قان «بىرلىك»، «تەكلىماكان گۈلى» ناملىق گېزىتلەردە تەھرىر ۋە خوتەن دارىلمۇئەل-لىمىن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. شۇ مەزگىللەردە «خوتەن گېزىتى»دە «دوستلارغا»، «سۆيىمەن» قاتارلىق شېئىرلارنى، «تەپتىش ئۆمىكىگە دات»، «قارىغاش نامىسى ئۈستىدىكى قارا بۇلۇت» قاتارلىق ئىلغار ئىدىيىدىكى ماقالىلارنى ئېلان قىلىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن جاپپار ئەمەت خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇتقۇچى، «خوتەن گېزىتى»دە مۇئاۋىن باش تەھرىر، جەنۇبىي «تيانشان گېزىتى»دە تەھرىر ۋە «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئەدە-بىيات بېتىنىڭ تەھرىرى بولۇپ ئىشلىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ شېئىر ۋە ھېكايىلىرى ھەر قايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ تۇردى. 1957-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كورۇش ھەيئىتى ئۆتكۈزگەن تۇنجى قېتىملىق ئە-دەبىي ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش ۋاقتىدا «چاپ كەتمەننى دېخانلار» ناملىق شېئىرى 4-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1952-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەھنە ئەسەر-لىرىنى باھالاش ۋاقتىدا يەنە بىر كىشى بىلەن بىرلىشىپ يازغان «يېمىرىلگەن قۇللۇق» دراممىسى 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. جاپپار ئەمەت 1957-يىلى ئېچىلغان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 1-قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، بۇجەمئىيەتنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولدى، ھازىر رەسمىي ئەزا.

ئەپسۇسكى، بۇ ياش شائىرمۇ ئەدەبىي ئىجادىيىتى تازا گۈللىنىۋاتقان مەزگىلدە چېكىد-دىن ئاشقان «سول» لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خالىي بولالماي، بىر مەزگىل ئەسەر-لىرىنى ئېلان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى.

«4كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، پارتىيە سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىلىشىشى نەتىجىسىدە، جاپپار ئەمەت 1979-يىلى يەنە سەپكە قايتىپ كەلدى. شائىر «باھار ئىلھاملىرى» نامى-لىق سېكىلىدا ئۆزىنىڭ يېڭى باھارنى چەكسىز ھاياجان بىلەن كۈيلىدى. شۇندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن بىر قاتار شېئىر ۋە «يول ئۈستىدىكى ئەسلىمە» قاتارلىق ھېكايىلارنى يازدى.

جاپپار ئەمەت يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاۋال خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا مەخسۇس تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1981-يىلى 9-ئايدا جۇڭگو يازغۇچىلار بىرلەشمىسى شىن-جاڭ شۆبىسىگە يۆتكىلىپ، «تارىم» ژۇرنىلىدا تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

جاپپار ئەمەت يالغۇز ئۆزى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، يەنە ياش ھەۋەسكارلارنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈر-

گەن. ئۇ ياشانغانسېرى ياشىرىپ يېڭىدىن-يېڭى ئىجادىي ئەمگەكلەرنى مەيدانغا چىقىرىۋاتىدۇ ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسە قوشۇۋاتىدۇ.

تۆۋەندە شائىرنىڭ بىرقىسىم شېئىرلىرىنى كىتابخانلارنىڭ نەزىرىگە ھاۋالە قىلىمەن:

# جاپپار ئەمەت شېئىرلىرىدىن

## تاڭ ئالدىدا

كۆلدۈرلەيدۇ يەر-جاھان، ئاسمانىدا چېقىن،
ئۇركەشلەيدۇ داۋالغۇپ بىر دەريا ئېقىن.
تاڭ نۇرىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدىمكىن يا،
ئازاتلىقنىڭ كۈنلىرى بىزلەرگە يېقىن.

1945-يىلى 6-ئاي

## پەلەككە خىتاب

«ئىخ پەلەك چەرخىڭ بۇزۇق» مۇدھىش قارا دەۋرانلىرىڭ،
ئاڭلىمنار ھەر ياقتا نالە، يىغىزار، ئەپغانلىرىڭ.
قولدا قانلىق قېلىچ تۇتقان ياۋۇزلار دەستىدىن،
چەيلىنىپ بولدى خازان گۈلباغلىرىڭ، بوستانلىرىڭ.
ئەگمەگەچ زۇلمەتكە باش ئەركىمنى بوغدى شۇم رەقىپ،
تاكى باشىمنى كوتەرتمەي بۇقارا زىندانلىرىڭ.
بولسا تاغ ھەرقانچە مەزمۇت، باسسا مىڭ قات كۈچ بىلەن،
ئېتىلىپ چىقماي قالامدۇ ئاستىدىن ۋولقانلىرىڭ

1947-يىلى 8-ئاي (تۈرمە)

## چاپكەتمەننى دىخانلار

يەرسىنىڭكى دىخانلار،
چاپكەتمەننى، هارماي چاپ!
دىسۇن هەممە ھەشقاللا،
چاپكەتمەننى، هارماي چاپ!

شەرقتىن چىققتى ئاپتاپ،
بەختىنىڭ كۆلدى پاقىراپ،
يوقالدى باي تىرىكتاپ،
چاپكەتمەننى، هارماي چاپ!

بولدۇڭ ئەركىن، هور-ئازات،
كومپارتىيە كۈچ- قانات،
ئەمگەك بىلەن يۇرت ئاۋات،
چاپكەتمەننى، هارماي چاپ!

بولدۇڭ يەرگە خوجايىن،
سۈيگىنىڭ مول ئىنتايىن،
توكۈپ كۆمۈش تەرداتىم،
چاپكەتمەننى، هارماي چاپ!

بوستان قىلىپ چۆللەرنى،
ئېچىلدۇرغىن گۈللەرنى،
ئېلىپ مول ھوسۇللارنى،
چاپكەتمەننى، هارماي چاپ!

ئەمگەكنىڭ تېگى راھەت،
ئەجرىڭدىن يارات بەرىكەت،
هوررۇنلۇق نومۇس، تەرك ئەت،
چاپكەتمەننى، هارماي چاپ.
1951-يىل، مارت

## باراڭ تېگىدە

ھەممە ياق كۆمۈشتەك ئايدىڭ بىر ئاخشام،
يۇلتۇزلار ئۈزىدۇ ئاسماندا مەغرۇر.
سۈپ-سۈزۈك ئۆزۈمىلەر خۇددى ياقۇتتەك،
تاۋلىنىپ بېرىدۇ دىللارغا ھۇزۇر.
ياپ-يېشىل باراقسان باراڭ تېگىگە
ياپراقلار ئارىلاپ چۈشۈپ تۇرار نۇر.
شۇ گۈزەل ئاخشامدا، بىزنىڭ يېزىدا
قىزىپ كەتتى كەچكى ئولتۇرۇش بەك زور.
ئىشتىن كېيىن خوشچاقچاق يېزا ياشلىرى
چورىدەپ ئەتراپتا ئولتۇررا غۇررۇر.
يېراقلارغا ئۇرغۇپ ياڭرىدى راۋاپ—
ۋە تەڭكەش قىلىنىپ داپ بىلەن تەمبۇر.

x x

ناخشا ئۇ ياشلارنىڭ قىزغىن سۆيگىنى،
ھەدىگەندە باشلاپ كېتىشتى بىردەك.
شاتلىق دولقۇنلىرى قاپلاپ يېزىنى،
كۆيلەندى ناخشىدا پارلاق كېلىچەك:
«گۈللە ئەي، قەدىردان ئازات ۋەتىنىم،
بىز سېنىڭ قوينۇڭدا ئېچىلغان چېچەك.
پارتىيە ياراتقان شۇنۇرلۇق تاڭدا،
ياشنايمىز پۈرەكلەپ باھار گۈلدەك.
شوھرەتلەپ بىز سېنى ئىسسىق تەربىلەن،
بېغىڭدا قىلىمىز هارماستىن ئەمگەك.»
ئۇسۇل قىزىپ كەتتى ناخشىدىن كېيىن،
سىرىلىمىغا ئويناپ ئىككى ياش بىردەك.
بىرسى تۇرسۇن مانا، ئەمگەكتە داڭلىق،
بېشىدا چۈس دوپپا، ئۈستىدە يەكتەك.
بىرسى بىزگە تونۇش گۈزەل چولپانئىم،
ئوتتۇرىدا يورغىلار خۇددى كەكلىكتەك؛
شامالدا يەلپۈنەر سۇمبۇل چاچلىرى،
ئۈستىدە توق قىزىل ئەتلەستىن كوينەك؛
لەۋىدە تەبەسسۇم كوزلىرى خۇمار،
ھەرقىلمىغى بېرىدۇ شاتلىقتىن دېرەك.
ئۇسۇلغا جۆر بولۇپ قىزغىن چاۋاكلار،
قوشۇلار شاتلىققا ھەممە ياش بىردەك.
ئۆز ئارا باغلىغان بولارنى شۇنداق،
يېزىدا هور-ئىناق، كوللېكتىپ ئەمگەك.

شۇنا خشام يېزىدا بولغان دىرا ۋرووش ،
ياشلىق خاتىرىسى بوپقالدى ئېسىمدە.

ئ[illegible] ئېلەن،
دوكرل ، چۈش ئىشتىن كېيىن باراك تېگىدە .

1955- يىل، سىنتەبىر (قەشقەر)

# پارتىيە قۇياش

شەرقتىن نۇرلىنىپ چىقىمىغاندا كۈن،
كىشىلىك ئۆيقىدىن كوتەرمەستى باش.
باشلىنىپ كۈندۈزى، قاچماس ئىدى تۈن،
بولماستى دىللارغا يورۇقلۇق سىرداش.
بولغاچقا سەن قۇياش ئۇلۇغ پارتىيەم،
كوڭلىمىز باھاردەك، نۇرلاندى كوركەم.
سەن بولغاچ ئازاتلىق ئالدى يوقسۇل ئەل،
ۋەتىنىم باغىردا ئاتتى نۇرلۇق تاڭ.
ئەسىرلەر ئارزۇسى بولۇپ سەندىن ھەل،
دىللاردا پارلىدى كوممۇنىستىك ئاڭ.
سەن بولغاچ ۋەتىنىم بولدى ھور گۈلشەن،
نۇرۇڭدا ئەتراپنى كورەلىدۇق روشەن.
بولمىسا كۈن نۇرى بۈكەك يەرلەردە،
مايسىلار بوي تارتىپ ئېچىلامدۇ گۈل؟
سېغىنىپ گۈللەرنى تاڭسەھەرلەردە،
باغلاردا شاتلىنىپ سايرامدۇ بۇلبۇل؟
شۇ قۇياش دەل ئۆزەڭ بىزگە نۇر بەرگەن،
كوڭلىمىز بېغىغا قىزىل گۈل تەرگەن.
سەن بولغاچ ۋەتىنىم كۈلدى بىر تەكشى،
گۈل بولۇپ ئېچىلدى يېڭىچە ھايات.
يۇرتۇمنىڭ ھوسنىدە باھارنىڭ نەقىشى—
ئەكس ئەتتى، بۈركۈتتەك كەردۇق كەڭ قانات.
ھەر دىلدا قۇياشتەك نۇرۇڭ بەرقارار،
سەن بولغاچ ۋەتەندە مەڭگۈلۈك باھار.

چۈشمىسە كۈن نۇرى تاغلار ئۈستىگە ،
ئېرىمەس غادايغان چوققىلاردا قار.
ئەكس ئەتمەس كۈمۈشرەڭ دەريا سۈيىدە،
ۋە ياغماس يامغۇرمۇ، كوتۇرۇلمەس پار.
سەن بولغاچ تارىخىي ئۈزۈن سەپەردە،
قارلارنى ئېرىتىپ يەتتۇق زەپەرگە.
سەن بولغاچ مىللەتلەر بىرتۇققان گويا،
خۇاڭخېدەك ئۇلغىيىپ ئاقماقتا راۋان.
سەن بولغاچ ئىلھام مىڭدولقۇنلۇق دەريا،
نۇرۇڭدا كۈمۈشتەك يالتىرار ھامان!
ۋەتىنىم كوكىدە پارلا ئەي قۇياش،
قەلبىمىز مېھرىڭگە مەڭگۈلۈك سىرداش.
بولمىسا قۇياشنىڭ تارتىش قۇۋۋىتى ،
تۇرالماس ئىدى ھېچ يەرمۇ مۇئەللەق؛
ئالمىسا ئاي ئەگەر كۈندىن يورۇقنى،
كېچىسى ئايدىڭمۇ بولماستى مۇتلەق .
نۇر ئېلىپ سېنىڭدىن بولدۇق بەقۇۋۋەت،
كۈندۈزدەك نۇرلىنىپ ياشاردۇق ھەيۋەت.
بولغاندەك سەييارە ساڭا يەرۇ، ئاي،
ئۆيۈشتۇق پولاتتەك ئەتراپىڭغا چىڭ.
دىللارغا ئورناشتى ئېلىپ چوڭقۇرجاي،
مۇھەببەتى شانلىق كوممۇنىزمىنىڭ .
- شۇقەدەر بۈيۈكسەن، شۇقەدەر پارلاق،
ياشا كوممۇنىستىك پارتىيەم ئۇزاق.

1959- يىل، ئىيول

# كۈلدى ئىقبالىم مېنىڭ

كەلدى باھار كۈنلىرى پۈتكەندە سەۋرى-تاقىتىم،
يېڭىۋاشتىن قەد كوتەردىم، كۈلدى ئىقبال ئامىتىم.

«تۇت زېمىنداش» ھۆكۈمران بولغان شۇ كۈنلەردە مېنىڭ،
غەم يۈكىدىن ناگىھان يادەك ئېگىلدى قامىتىم.

ياغدى ئاپپاق قار-قىرو، قوندى چېچىمغا بى مەھەل،
ئىس-تۇمانلار ئىچىدە بولدى بورۇختۇم ھالىتىم.

يۈزلىرىمگە چۈشتى قورۇق ئومۇچۇكنىڭ تورىدەك،
غەم بىلەن قەلبىمنى ئورتەش بولدى ھەرچاغ ئادىتىم.

ياشىدىم ھىجران ئىچىدە مەن چېكىپ ئاھۇ-پىغان،
نە پىغان بەلكىم ئۆلۈم ئورگۈلدى باشتىن مىڭ قېتىم.

ئەككى ئون يىل ئوتتى ئومرۇم، خۇددى لاي سۇدەك ئېقىپ،
قايغۇ ۋە نەسلىمك ئىچىدە ئوتتى ئاي، كۈن،سائىتىم.

قوغلىدى جۇتۋە تۇمانىنى پارتىيەم غەمخور بولۇپ،
پارلىدى ئىقبال كوكىدە مۇشتەرى سائادىتىم.

ئېھ، بۈگۈن يەنتى مېنىڭ ئومرۇم باھار ئەييامىغا،
تاشتى قەلبىمدىن بۇلاقتەك غەيرىتىم-شىجائىتىم.

ئاتەدىم ئاخىرقى ئومرۇمنى ۋەتەن، خەلقىم ئۈچۈن،
بۇ قەسەم-شېئىرىم مېنىڭ بولسۇن گۇۋاچى-شاھىتىم!

1980-يىل




تەھرىردىن:

يېقىندىن بۇيان تەھرىر بولۇمىمىز مۇشتەرى ۋە كىتاپخانلاردىن بىرنەچچە پارچە خەت ۋە ماقالىلارنى تاپشۇرۇۋالدى. تاپشۇرۇۋېلىنغان خەت ۋە ماقالىلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

ۋىلايىتىمىزدىكى كەڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ۋە ئاپتورلار «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 3 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىجاتچانلىق روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئاز بولمىغان نادىر ئەسەرلىرىنى يېزىپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۇردى. خەلق ئۇلارغا تېگىشلىك مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇدى ۋە بەدىئىي زوق ئالدى.

يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، قىسمەن ھاللاردا، ئايرىم ئاپتورلىرىمىز باشقىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بىرخىل ئۇسۇل بىلەن ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان پىكىر-مەسىلىلەرنى سەل-پەل ياساپ، ئىككىنچى بىرخىل ئۇسۇل بىلەن ئۆز نامىدا ئېلان قىلىۋېلىش، تىما تاللىش، ھەتتا مىسرامۇ-مىسرا، كۇبلېتمۇ-كۇبلېت كۆچۈرۈۋېلىشتەك ناچار خاھىشلار كۆرۈلمەي قالمىدى. بۇ كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغان، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا نامۇناسىپ ئىش، ئەلۋەتتە. بۇخىل ئەھۋال ژۇرنىلىمىزنىڭ 1981-يىللى 3-سانىدا بىرقەدەر گەۋدىلىكرەك كۆرۈلدى.

ئىجادىيەت ئىستىلىنى ياخشىلاشقا ئاز-تولا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن يولداش دىلبەر قەييۇمنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن خېتى، ئوسمان سەرۋەللىنىڭ «مۇھەببەت» نامىلىق شېئىرىنى، يولداش بارات ئىمىننىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 3-سانىدا ئېلان قىلدۇرغان «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» شېئىرى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلدۇق. كەڭ كىتاپخانلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

# بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى كىم بولۇشى كېرەك؟

تەھرىر بۆلۈمىگە:

... ئادىتىم بويىچە ژۇرناللىرىمىزلارنىڭ نەشىردىن چىققان يېڭى سانىنى (1981-يىللىق 3-سان) ھەۋەس ۋە زوق بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ساندا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بەدىي جەھەتتىكى رەڭدارلىقى... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى...

ژۇرنالنى ئوقۇپ كېلىۋېتىپ 67-بەتكە بېرىلگەن «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» تېمىسىدىكى بىر پارچە شېئىرنى كۆرگەن چېغىمدا ئەزەربەيجان شائىرى ئوسمان سەرۋەللىنىڭ «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 60-يىللاردىكى سانىغا بېرىلگەن «مۇھەببەت» ناملىق شېئىرىنى ئەسكە ئالدىم. ماڭا دىگۈدەك يادا بوپكەتكەن «مۇھەببەت» ناملىق شېئىر بىلەن سىلەر ئېلان قىلغان «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» دىگەن شېئىرنى قايتا-قايتا سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. تېمىسىلا ئەمەس، بەلكى مەزمۇن ھەتتا مىسرالىرىغىچە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ ئىككى پارچە ئەسەرنىڭ ئاپتورى كىم بولۇشى كېرەك؟ بۇ تەسادىپى ھالدىكى «ئوخشاپ قېلىش»مۇ، ياكى بولمىسا؟...

مەن، ئوسمان سەرۋەللىنىڭ شېئىرىنى سىلەرگە بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ ئەۋەتىپ بېرىشنى، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىنى لايىق تاپتىم...

ھۆرمەت بىلەن:

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن

دىلبەر قەييۇم

1981-يىل 10-ئاينىڭ 23-كۈنى

## مۇھەببەت

ئوسمان سەرۋەللى

(ئەزەربەيجان شائىرى)

ئەسىرلەر تىزىلىپ ئۆتەر پەيمۇ-پەي،
ئۆزگىرەر تەبىئەت ۋە خىيال تىنماي.
دېڭىزلار سايىزىر كۆلگە ئايلىنار،
ئورمان قۇرۇپ كېتىپ، قايتىدىن ئۈنەر.
كونىرار دۇنيانىڭ تۇپرىقى، تېشى،
قارىكى ئاقىرار ئادەمنىڭ بېشى.
شۇجاھان مۈلكىدە، جاھان باغىدا،

## مەڭگۈلۈك مۇھەببەت

بارات ئەمىن

مەڭگۈلۈك ئەمەس تۇرجەمى بار نەرسە،
غەلىتەنۇر كىم ئۇنى بىر تەرىزدە، دىسە.
ئۆزگىرەر تەبىئەت، ئۆزگىرەر ئالەم،
ئۆزگىرەر ئاي ئاتلاپ، يىلمۇ يىل ئادەم.
ئۆزگىرەر ھىسسىيات ۋە خىيال تىنماي،
يوتكىلىپ ئۇچقاندەك قۇشلارمۇ ھارماي.
ۋە لېكىن بىر نەرسە ئۆزگەرمەس مۇتلەق،

بۇقېرى دۇنيانىڭ كەڭ قۇچاغىدا،

گاھ تويى بولار، گاھ مازا تۇتۇلار.
ھەركۈنى كالىندارىدىن ۋاراق يىرتىلار.

ئەي دوستۇم ئاڭلىغىن سوزۇمنى چىندىن،
كېتەر دەقىقىلەر ئۆمۈرىدىن، كۈنىدىن،

كوڭۇل كىتابىنى ۋاراقلا تەكرار،
قارا، ئۆلمەيدىغان سەندە نىمە بار؟

ئېيتقىن، نىمە بەردىڭ شېئىر-ۋەسىيەتكە،
سەن نىمە قالدۇردۇڭ ئىنسانىيەتكە؟...

ئايلىنار ھەپتىلەر، ئايلىنار ئايلار،
قالار خانىمانلار، غۇلار سارايلار.

يىمىرىلەر تاجۇ-تەخت، چوكەر ئىختىشام،
دەريالار ئۆز يولىنى ئۆزگەرتەر تامام.

دولقۇنلار قىرغاققا تەگەر ئەسەبى،
تاشار كىشىلەرنىڭ قەھرى-غەزەبى.

بىر تەپسە ئىلگەكتىن ئىشىك ئۆزۈلەر ،
زالىم پادىشالار دارغا ئېسىلار.

دات باسقان زەنجىرنى بىلەكلەر ئاچار ،
تەختىنى، سەلتەنەتنى شاھ تاشلاپ قاچار...

يىللار لەشكەر كەبى بىر-مۇ-بىر يۈرەر،
ئالەمدە بارنەرسە ئۆزگىرىپ تۇرار.

ئۆزگەرتەر يولىنى ئاي، قۇياش، يۇلتۇز...
بىر نەرسە ئۆزگەرمەس ئالەمدە يالغۇز.


سىزنى ئويلاندۇرغان ئۇ سىر، ئۇ ھېكمەت،
ئۇ بۈيۈك ھەقىقەت، ئۇ بۈيۈك قۇۋۋەت.

نە مېلىم، نە مۈلكۈم، نە بىساتىمدۇر،
ئۇ-مېنىڭ خەلقىمگە مۇھەببىتىمدۇر!...

ئۆزگەرمەس ئەبەدى، ئۆزگەرمەس بەرھەق،
ئۇ مېنىڭ دەۋرىمگە مۇھەببىتىمدۇر.
ئىنجا تىچان خەلقىمگە مۇھەببىتىمدۇر.

مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر جىمى بار نەرسە،
غەلەتتۇر كىم ئۇنى كونارماس دىسە.
كونىرار دۇنيانىڭ تۇپرىغى، تېشى،
قاركەبى ئاقىرار ئادەمنىڭ بېشى.
تىرىكلىك دۇنياسى — ھايات باغىدا،
بۇقېرى دۇنيانىڭ كەڭ قۇچاغىدا،
ئۆزگىرەر مەۋجۇتلۇق شەكىل جەھەتتىن،
ئايلىنار باشقىغا باشقا سۈپەتتىن،
ۋە لېكىن بىر نەرسە كونارماس پەقەت.
كونارماس ئەبەدى ئېيتقىنىم بەرھەق.
ئۇ مېنىڭ دەۋرىمگە مۇھەببىتىمدۇر،
كۆرەشچان خەلقىمگە مۇھەببىتىمدۇر .

قولاق سال، ئاڭلىغىن بۇرادىرىم سەن،
گەر بولساڭ سويگۇدە باراۋىرىم سەن،
قەلبىمنىڭ ئىزھارى ھەر سوزۇم چىندىن،
كېتەدۇ مىنۇتلار ئۆمۈردىن-كۈندىن.
قارا، «ئۆلمەيدىغان» سەندە نىمە بار،
ئادەملىك تارىخىڭ ۋاراقلار تەكرار ،
ئېيتقىن نىمە بەردىڭ ئىنسانىيەتكە؟
يا نىمە قالدۇردۇڭ ئىنجا دىيەتتە؟
ئايلىنار ھەپتىلەر، ئايلىنار ئايلار،
قالار خانىمانلار، قالار سارايلار،
يىمىرىلەر تاجى-تەخت ، كۈن ئۆچەر ئاخشام.
دەريالار ئۆز يولىنى ئۆزگەرتەر تامام،
دولقۇنلار قىرغاققا تەگەر ئەسەبى،
تاشار كىشىلەرنىڭ قەھرى-غەزەبى،
يىللارنىڭ بورىنى ئۆزگىرىپ تۇرار ،
گاھ قاتتىق، گاھ بوش يۈزىگە ئۇرۇلار.
بىر نەرسە ئۆزگەرمەس ئالەمدە ھەرگىز،
قىممەتتە تەڭداشسىز ھەممىدىنمۇ ئۈز،
ئۇ مېنىڭ دەۋرىمگە مۇھەببىتىمدۇر،
ئەل-يۇرتۇم، خەلقىمگە مۇھەببىتىمدۇر.



# ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەققىدە

ئەپەندى — كەڭ كىتاپخانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، خېلى مەشھۇر ئىسىمدۇر. دۇنيادىكى ھەر مىللەت خەلقى، خۇسۇسەن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەپەندى لەتىپىلىرىگە قىزىقمايدىغان، ئۇنى ئىشتىياق بىلەن ئېيتمايدىغان كىشىلەر ئاز تېپىلىدۇ.

ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى، شەكىل جەھەتتىكى ئىخچاملىقى ۋە ئۇنىڭ ئېيتىشقا ئەپلىك، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق ھەم كۈلكىلىك بولۇشى، ئۇنى مەملىكەت ئىچىدە كەڭ ئاممىۋىي ئاساستا ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە ھەۋەس بىلەن سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر قىلماقتا.

ھەرقېتىم ئەپەندى لەتىپىلىرىنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، پەقەت «ئەپەندى» دېگەن ئىسىم ئېغىزغا ئېلىنىشى بىلەنلا كىشىلەرنىڭ چىرايىدا ئىختىيارسىز ھالدا كۈلكە ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇ، ئاچچىق ھەجۋى، ئۆتكۈر، ئۇمۇمىۋار ئىنتىلىش بىلەن تولغان كۈلكە ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن جەمىيەتنىڭ يامان ئىللەتلىرىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئەقىل ئۆگىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپەندىنى پۈتكۈل جەمىيەتنىڭ ئۇستازى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنى بولسا، تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن ئېلىنغان ئىنتايىن ياخشى دەرسلىك دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى توغرىسىدا گەپ بولغاندا كىشىلەر: «ئەپەندى دېگەن بۇ ئادەم زادى ئۆتكەنمۇ-يوق؟»، «ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت شۇ بىرلا شەخسنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرمۇ؟»، «ئەپەندى لەتىپىلىرى نىمە ئۈچۈن بىر نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ، كەڭ تارقىلىپ كەلدى؟» دېگەندەك ھەرخىل سوئاللارنى سورىشىدۇ.

بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر: «ئەپەندى ئەمەلىيەتتە ئۆتكەن ئادەم بولماستىن، بەلكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان شەخستۇر» دېيىشىدۇ، يەنە بەزىلەر: «ئەپەندى دېگەن بۇ ئادەمنىڭ راستىنلا دۇنيادىن

ئۆتكەن-ئۆتمىگەنلىكى ھازىرچە تېخى ئىسپاتلانغىنى يوق» دېيىشىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «ئەپەندى يۇرتىمىزغا يېقىن بىر جايدا تۇغۇلغان» دەيدىغانلارمۇ بار، ھەتتا بەزى ياشانغان كىشىلەردىن «ئاتا-بوۋىمىز ئەپەندىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىكەن» دېگۈچىلەرمۇ بار. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەترابلىرىدىمۇ ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى توغرىسىدا خىلمۇ-خىل گەپ-سۆزلەر ئېقىپ يۈرمەكتە:
ئۆزبېكلەر: ئەپەندى بۇخارالىق بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە ئالاقىدار لەتىپىلىرى قېپقالغان دېيىشىدۇ. تاجىكلار—ئەپەندى خۇددى سەللا ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئېشىكىگە مىنگەن ھالدا كۆز ئالدىدىن كېتىپ قالغاندەك سۆزلەرنى قىلىشىپ: ئۇ، خوجەنت (ھازىرقى لېنىنئاباد) تا ياشىغان، دېيىشسە، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق ئەللىرىدىكى خەلقلەر— ئەپەندى بىز تەرەپلەرگە كەلگەن ئىكەن،— دېيىشىدۇ.

كىچىك ئاسىيا قولتۇغىدىكى تۈركىيەلىكلەر بولسا «ئەپەندى تۈركىيەلىك ئادەم، ئاقشەھەر دېگەن جايدا ئۇنىڭ قەبرىسى بار» دەيدۇ. قىسقىسى ئەپەندى زادى قانداق ئادەم؟ ئۇ، راستىنلا ئۆتكەن ئادەممۇ؟ ياكى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان شەخسمۇ؟ ئەپەندى لەتىپىلىرى قانداق قىلىپ ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن؟ ئۇ لەتىپىلەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى قانچىلىك؟ مانا بۇلار، ھەرقايسى ئەل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغۇچى خادىملار تولىمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەردۇر. ئۇنداقتا، ئەپەندى دېگەن بۇ ئادەم زادى ئۆتكەنمۇ-يوق؟ كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئەپەندىنىڭ ھەرگىز ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان شەخس بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى خوجا نەسرىددىن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى موللا نەسرىددىن ياكى نەسرىددىن ئەپەندى دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. «ئەپەندى» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى خۇددى «خوجا» ياكى «موللا» دېگەن سۆزگە ئوخشاشلا بىر خىل نام ئىبارەت. «ئەپەندى»— ئەسلىدە تۈركچە سۆز، بۇ بىر تەرەپتىن ئەرلەرگە قارىتىلغان ھۆرمەت نامى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەھلى-ئىلىم ئادەملەرگە قارىتىلغان ھۆرمەت نامى بولۇپ، «مۇئەللىم» «ئۇستاز» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

تۈركىيە ئالىمى مىجىت ھاشىمنىڭ 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىكى يەرلىك ئارخىپلارنى تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىدىن خوجا نەسرىددىننىڭ 13-ئەسىردە تۈركىيەدە ياشىغانلىقى ئېنىقلاندى. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 605-يىلى (مىلادى 1208-1209-يىللار) تۈركىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شىۋرىخسار شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان خورتو يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ، دادىسىغا ئوخشاش مەچىتلەردە ئىمام بولغان. خوجا نەسرىددىن ئىسلام دىنىنىڭ كامىل ئىلاھىيەتشۇناسى، ئىسلام دىنىدا تەركى دۇنياچىلىق ۋە دىنىي مۇراسىملىرىنى ئادىلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان سوپى گۇرۇھىغا مەنسۇپ ئالىم ئىدى. تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇلدىكى مۇزېخانىسىدا ئەپەندىنىڭ بىر پارچە سۈرىتى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە: ئۇ، ناھايىتى ئۇزۇن ساقال-بۇرۇت قويغان، كىچىككىنە ئېشەككە مىنىۋالغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئېشەك مىنىش ئۇسۇلى ئاجايىپ قىزىقارلىق بولۇپ، داۋاملىق تەتۈر مىنىدىكەن. ئۇ ئۆز تالىپلىرىغا، ئۆزىنىڭ ئېشەك مىنىشى توغرىسىدا مۇنداق چۈشەنچە بەرگەن: «ئەگەر مەن ئېشەككە تۈز مىنسەم، سىلەر مېنىڭ ئارقامدا قالىدىكەنسىلەر، ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئالدىمدا ماڭساڭلار، مەن پەقەت سىلەرنىڭ دۈمبەڭلارنىلا كۆرەلەيدىكەنمەن، شۇڭا مەن ئېشەككە تەتۈر مىنىشتەك بۇ ئوبدان ئۇسۇلنى تالـ

لىۋالدىم، مۇشۇنىڭ بىلەن مەن ھەممە ئاۋارىچىلىقلارنى ھەل قىلدىم، بۇنداق قىلغاندا ھەم سوزلىشىدىغان ئادەمگە قاراش ئاسان بولىدىكەن، ھەم ئەدەپلىكلىك چىقىپ تۇرىدىكەن».

خوجا نەسىرىددىن ھىجرىيەنىڭ 635-يىلى (مىلادى 1238-1237-يىللار) تۈركىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقشەھەر شەھىرىگە بېرىپ، ئاخىرى ھىجرىيە 683-يىلى (مىلادى 1285-1284-يىللار) 76 يېشىدا شۇ يەردە كوز يۇمغان. ئۇنىڭ قەۋرىسى تاكى بۈگۈنكىگىچە ساقلانماقتا.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ قەۋرىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر لەتىپىسىگە، يەنى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ياسالغان ئىمىش: خوجا نەسىرىددىننىڭ قەۋرىسى تۆت سۇقۇما ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، قەۋرىنىڭ تۆت ئەتراپى تۈشۈك ۋە بوش ئىمىش. لېكىن قەۋرە ئالدىدىكى دەرۋازىغا ئىككى دانە ياغاچ قۇلۇپ سېلىنغان. يەنە بىر ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ قەۋرىسى ئالدىغا ھەم قېلىن، ھەم ئېغىر ياغاچ دەرۋازا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا تاقاق مىخلانغان ھەمدە ئېچىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان نۇرغۇن قۇلۇپلار سېلىپ قويۇلغانىمىش. كىشىلەر بۇ ئىشىكتىن ئەپەندىنىڭ قەۋرىسىنى كۆرگىلى كىرەلمەيدىكەن. بۇنىڭ مۇنداق بولۇشى — ئەپەندىنىڭ «دوستلىرىم ئۈچۈن ئىشىكنى تاقاپ قويۇڭلار، دۈشمەنلىرىم ئۈچۈن ئىشىكنى يوغان ئېچىپ قويۇڭلار» دەپ قايتا-قايتا ۋەسىيەت قىلغانلىقىدىن بولغان ئىكەن.

تۈركىيەدە خوجا نەسىرىددىن ھەممە ئادەم باش قويۇپ ئېتىقات قىلىدىغان شەخسكە ئايلىنىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ قەۋرىسىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە مۇقەددەس جاي ھېساپلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ يەردە ھەر يىلى ئەپەندىنى سېغىنىپ خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئايەم قىلىنىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئاقشەھەر پۇقرالىرى توي-توكۈن ئىشلىرىغا ئەپەندىنى قەدەم-تەشرىپ قىلىشقا تەكلىپ قىلىدىكەن. بىرەر كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلارمۇ ئەپەندىدىن دورا ۋە شىپالىق سورايدىكەن، كىشىلەر شۇڭا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قەۋرىسى ئۈستىگە بەخت تىلەش ۋە مېھرى-شەپقەتكە تەشەككۈر ئېيتىشقا ئائىت نۇرغۇن خەت-چەكلەرنى ئېسىپ قويغانىمىش. ھەتتا كوزى ئاغرىپ قالغانلارمۇ خوجا نەسىرىددىننىڭ قەۋرىسىنىڭ توپىسىنى كوزىگە سۈرتىدىكەن. يۇقارقىلاردىن، ئەپەندى دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئۇنىڭ لەتىپىلىرى بىلەن بىرگە كېيىنكى ئەۋلاتلارغا قانچىلىك چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەپەندى لەتىپىلىرى پەقەت شۇ بىرلا كىشىنىڭ كەچۈرمىشلىرىمۇ؟ ئۇ قانداق قىلىپ 7،6 ئەسىرلەردىن بۇيان تارقىلىپ ۋە ساقلىنىپ كېلەلىگەن؟

نەسىرىددىن ئەپەندىدىن خېلىلا ئىلگىرى ئەرەپلەردىمۇ ئەپەندىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان خېلىلا قىزىق لەتىپىلەر ئېيتىپ يۈرگەن. بۇ كېيىنرەك ئوتتۇرا، يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا دېڭىز ئەتراپلىرىغىچە تارقالغان، ھەتتا تۈركىيەگىمۇ ئېقىپ كىرگەن.

نەسىرىددىننىڭ لەتىپىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغاچقا يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆزگىرىپ ۋە راۋاجلىنىپ، نەتىجىدە ئىككى كىشىنىڭ لەتىپىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن.

ئەپەندى لەتىپىلىرى 16-ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن تۈركىيە يازغۇچىسى ۋە شائىرى رامىن تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ، ئۇ تەھرىرلەنگەن لەتىپىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. 17-ئەسىردە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

ئەپەندى دېگەن بۇ شەخسنى ھازىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «دۇنياغا مەشھۇر بولغان

مەڭگۇ قېرىماس ئوبراز» دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ گەرچە تۈركىيەلىك دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا، يېقىن شەرق ئەللىرى، ئەرەب ئەللىرى، بالقان يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭغا قاتارلىق جايلارغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ ئىسمى بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا، ئامېرىكىلاردىمۇ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ قالدى.

ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئېقىپ يۈرۈشىگە كەلسەك، بۇ ھەرگىز يېقىندىن بېرى بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس. تارىخىي مۇناسىۋەتلەردىن ئېيتقاندا، شىنجاڭ - شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھەمدە ئىسلام دىنى ئۈچۈن مۇقەددەس جاي بولغان مەككە - مەدىنىگە ھەج - تاۋاپ قىلغىلى بېرىشتا بېسىپ ئۆتمەي بولمايدىغان مۇھىم قاتناش يولى ئىدى. تىل - يېزىق ۋە دىنىي ئېتىقادىمۇ ئاساسەن ئوخشايتتى، شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەپەندى لەتىپىلىرى خېلى قەدىمقى دەۋردىلا شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن.

ئەپەندى لەتىپىلىرى ئۇيغۇرلاردا «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە ۋە كۈندىن - كۈنگە بېيىماقتا، خىلمۇ - خىل شەكىلگە ئىگە بولۇپ راۋاجلانماقتا.

«لەتىپە» تۈركچە سۆز بولۇپ، كۈلكىلىك ھېكايە، تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلغان ۋاقەلەر، چاقچاق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ھازىر بىزنىڭ ئەپەندى لەتىپىلىرى دەپ ئاتىشىمىز ئەمەلىيەتتە ئالاقىدار بولغان كۈلكىلىك ۋە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ۋاقەلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغاندۇر. بۇ لەتىپىلەرنى ئوخشىمىغان ئورۇن ۋە ئوخشىمىغان تارىخىي شارائىتلاردا ئەمگەكچى خەلقلەر ئۈزلۈكسىز تولۇق-لىدى ۋە راۋاجلاندۇردى ھەمدە ئۆلى مىللىي ۋە يەرلىك تۈسلەرگە ئىگە قىلدى.

ئەپەندى لەتىپىلىرى شۇنىسى ئۈچۈن خەلقنىڭ ئەڭ قىزغىن ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولغانكى، بۇ لەتىپىلەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ باتۇرلۇقى؛ ئەمگەكچانلىقى، باي، ئەقىل-پاراسىتى، ئۈمىتۋارلىقى ۋە ھەققانىيەتچىلىكى قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە پادىشالار، بايلار، ئەمەلدارلار، بەگلەر، قازىلار چوڭقۇر پاش قىلىنغان ۋە قاتتىق مەسخىرە كۈلكىسى ئاستىغا ئېلىنغان.

ئەپەندى لەتىپىلىرى 18-ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن توپلاپ كىتاپچە قىلىنغان. 19-ئەسىردە، تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل ۋە مىسىرنىڭ قاھىرە شەھەرلىرىدە «ئەپەندى لەتىپىلىرى توپلىمى» تاش مەتبەدە تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان. ھازىر تۈركىيە ئالىمى ۋېلىتا ئىمىز بوداق تەرىپىدىن 1909-يىلى تۈزۈپ نەشر قىلىنغان توپلام بار بولۇپ، ئۇنىڭغا جەمى 392 پارچە لەتىپە كىرگۈزۈلگەن.

نۆۋەتتە دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەردە ئەپەندى لەتىپىلىرىنى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلغان ئەسەرلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. يېقىنقى 20-30 يىلدىن بۇيانقى ئەھۋاللارغا قارىغاندا، تۈركىيىدە 50-يىللاردا 6 خىل يېڭى تۈزۈلگەن ئەپەندى لەتىپىلىرى توپلىمى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 445 لەتىپە كىرگۈزۈلگەن.

1966-، 1978-ۋە 1973-يىللىرى ئەنگلىيەدە ئۈچ خىل نۇسخىدىكى ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان. 1975-يىلى ئىستامبۇلدا فرانسۇزچىسى نەشر قىلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1936-يىلى نەسىردىن ئەپەندى

(ئاخىرى 59 بەتتە)

## ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش ئۈچۈن




ئەپەندىم يېزا كىنوخانىسىدا بېلەت سېتىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، تۇساتتىن بېلەتنىڭ باھاسى 5 فۇڭدىن 10 فۇڭغا كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. بىرسى ئۇنىڭدىن:

— ئەپەندىم، يېقىندىن بېرى بېلەتلىرىڭىزنىڭ باھاسى ئۆسۈپ قاپتىغۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئەپەندىم:

ھەئە، بۇمۇ كىرىم ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش ئۈچۈن... — دەپتۇ.

## يېنىۋالىدۇ

ئەپەندىم ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆيدىن چىققان يىغا-زارنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ ئۆيگە كىرسە، بولۇم باشلىقى ئۆلۈپ قاپتۇدەك. ئەپەندىم شۇئان يېنىك بىر تىن ئاپتۇ-دە، ئۆيدىكىلەرگە تەسەللى بېرىشكە باشلاپتۇ:

— نېمىگە يىغلايسىلەر؟ ئۇ ھېلىلا تىرىلىۋالىدۇ. رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا ھەمىشە ئىشنىڭ چىكى يېرىگە كەلگەندە، قىلغان گېپىدىن يېنىۋالاتتى. بەلكىم تاۋۇتقا سالار ۋاقتىدا، ئۆلگەنلىكىدىنمۇ يېنىۋالسا ئەجەپ ئەمەس...

---

( بېشى 58- بەتتە )

لەتىپىلىرى توپلىمى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىدى. 1957-، 1959- يىللىرى ۋە 1977- يىللىرى يەنە قايتا نەشر قىلىندى. ياپونىيە 1965- يىلى ياپونچە تەرجىمىسى نەشر قىلىندى ھەمدە 77- يىلى قايتا نەشر قىلدى.

جۇڭگودا 1958- يىلدىن بۇيان ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ بىر نەچچە خىل نۇسخىسى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن لەتىپىلەر بىر قەدەر كۆپ ۋە تولۇق.

ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئەپەندى ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتى ۋە قىزىق تىلى بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ ۋە بايلارنىڭ دۆتلىكىنى، مۇدھىش كونا جەمئىيەتنىڭ يامان ئىللەتلىرىنى كەسكىن پاش قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودال جەمئىيەتتىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى، ھەققانىيەت ۋە ئادالەتكە بولغان مۇھەببىتىنى، ئۇلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ئەپەندىنىڭ ياڭراق ئاۋازى كەڭ جامائەتكە سىرداش بولۇپ كەلمەكتە، ئۇ تېخىمۇ ئۇزۇن يىللار داۋام ئەتكۈسى.

تەييارلىغۇچى: رۇزى سىدىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئېغىزى چوڭ بولسا

ئەپەندىم تۇرغان كۆكتېپىنىڭ باشلىقى خىزمەتتە پاراسەتسىز بولغانلىقتىن تاشقىرى، ناھايىتى ئاچكۆز بولۇپ، ئومۇمنىڭ نەرسىلىرىنى قاقتى-سوقتى قىلىش، سوغا-سالام بىلەن ئىش بېجىرىش، ئارقا ئىشىكىنى ئوچۇق ئېچىۋېتىش... جەھەتلىرىدە داڭقى پۇر ئىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ خوشامەتچىلىرىدىن بىرقانچە كىشى ئۇنى تازا ماختاشقا باشلاپتۇ: «باشلىقىمىز ھەرجەھەتتىن يېتىشكەن: سۆزلىگەن سەلتەنەتلىك نۇتقى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تەقى-تۇرقى، كۆزلىرىنىڭ چوڭلۇقى... بەكمۇ قاملاشقان، شۇغىنىسى، ئېغىزى سەل كىچىكرەك تۇغۇلۇپ قاپتىكەن، مۇشۇ ئەيىبى بولمىغىنىدا...»

— ئېغىزىنىڭ كىچىك تۇغۇلغىنىمۇ بوپتىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم گەپكە ئارىلىشىپ، — ئەگەر ئېغىزى ئۇنىڭدىن چوڭراق بوپ قالغان بولسا، كۆكتېپىمىزنى بىراقلا «ھاپ» ئېتەركەن، ھېلىمۇ شۈكرى! دەپتۇ.

## قاپىقى تۈرۈلمىسىلا

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى قېيىنئانا-قېيىنئاتىسىنى كۆرسىلا قاپىقى تۈرۈلۈپ قالىدىكەن، خوتۇنىنىڭ بۇ قىلىقىنى يۈزىگە سالالماي يۈرگەن ئەپەندىم، بىر كۈنى خوتۇنىنىڭ: «قىزىمىز چوڭ بولسا، ئۇنداق خوتۇن بولمىدۇ-مۇنداق خوتۇن بولىدۇ...» دەپ ماختىغىنىنى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، خوتۇنىغا چىنەپلا:

— قىزىمىز مەيلى قانداق خوتۇن بولسا-بولسۇن، پەقەت قېيىنئانا، قېيىنئاتىسىنى كۆرگەندە قاپىقى تۈرۈلۈپ قالمىسىلا بولغىنى، — دەپتۇ.

## گۆش مورىدىن تۈتۈن چىققاندا

ئەپەندىم بازاردىن كېلىشىدە بىرجىڭ تونۇر كاۋىۋى ئالغاچ كەلگەن ئىكەن، بەلمەدىن يېشىپ، لەگەنگە سالغىچە، خوتۇنى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ راسا يېيىشكە باشلاپتۇ ۋە بىر-ئىككى قوۋۇز چاينا-چاينىماي يالا «قىلىك!» قىلدە چىقىرىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئىززادا گەپنى يۆتكىمەك بولۇپ، ئەپەندىم كاۋاپ چىگىپ ئەكەلگەن بەلۋاغنى تۇتۇپ:

— ۋۇي، بۇنى قاچان ئالغانتىڭىز؟ — دەپ سوراپ قويۇپتۇ.

— گۆش مورىدىن تۈتۈن چىققان كۈنى! — دەپتۇ، ئەپەندىم كۈلمەستىن.

## ئەۋرىق ئەمەس

رامىزاننىڭ بىركۈنى ئۇممىلىقتا، ئىسسىقتىن چاڭقاپ كەتكەن ئۇممىچىلار سايىغا ئاران ئۈلگۈرگەن ئىدى. كەلگەن پېتى ئېرىق بويىغا زوڭزايغان ئەپەندىم ئۇچۇملاپ سۇ ئىچمەكچى بولىۋىدى، بىرسى ئەسكەرتىپ:

— ئەپەندىم، رامىزاننى ئۇنۇتتىڭىزمۇ-نېمە؟ روزىڭىز سۇنىمسۇن يەنە!-دىگەن ئىدى، ئەپەندىم دەررۇلا:

— يوقسۇ، مېنىڭ روزام سۇ ئالغانغا سۇنۇپ كېتىدىغان-پىشۇرۇلمىغان ئەۋرىق ئەمەس-دىدى.

## بوخچاڭ بولسا...

ئەپەندىم بىلەن مەلۇم بىر بولۇمنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالغان ئاغىنىسى، ئەپەندىمگە دەرت توكۇپ:

— قارىماسىز، ھېلىقى كىچىككىنە مەسىلىنى ھەل قىلىمەن دەپ يۈرگىلى ئالتە ئاي بولدى. ھەر قېتىم كەلسەم، ئىش باشقۇرغۇچى: «ئەرزىڭىزنى مۇزاكىرىگە قويۇشقا تېخى نوۋەت كەلمىدى»-دەپلا يولغا سېلىۋاتىدۇ. سىز خېلى ئەقىل-لىق ئادەم، ماڭا بىر يول كورسىتىڭا، قانداق قىلسام ھەل قىلىپ بېرەر؟-دىۋىدى، ئەپەندىم:

— ئالتە ئايدىن بېرى شۇ ئىشنىڭ يولىنىمۇ ئۇقمىدىڭما؟ قولتۇغۇڭدا ئازراق بوخچاڭ بولسا-بەس، بوخچاڭ،-دىدى.

## توي بىلەنلا...

بىركۈنى، ئىدارە باشلىقى، ئەپەندىمگە: ئۆزىنىڭمۇ باي بولۇشنىڭ يولىنى ئىزلەۋاتقانلىقى ئۈستىدە گەپ ئېچىۋىدى. ئەپەندىم دەررۇلا ئېيتتى:

— بۈگەمدە سىزگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ باي بولۇشى ناھايىتى ئاسان بوپكەتتىغۇ! ئاۋال بۈشۈكتىكى ئوغلىڭىزنىڭ ئات تويىنى ئۆتكۈزۈڭ، ئاندىن ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ خەتنە تويىنى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، چوڭ قىزىڭىزنىڭ باش قوشۇش تويىنى ئۆتكۈزسىڭىزلا، راسا تولۇپ كېتىسىز-تولۇپ!

لەتىپىلەرنى ئابدۇقادىر سادىر رەتلىگەن.

# غەزەللەر

## مەھەممەتجان ئىسمايىل

(1)

ئەلگەسەن بەرسەڭ قەسەم، باغلاپ كەمەر لەۋزىڭدە تۇر،
مەيلى بول ئالىم، ئەدىپ «شاھى قەمەر»، لەۋزىڭدە تۇر.
قىلسا ئەل ئۆزرە ھېمىرسى سەن بول ئۇلارنىڭ كەمتىرى،
شۇندىلا بارچەسىنى تەبرىك ئېيتەر لەۋزىڭدە تۇر.
گەر بولۇپ ئاددى دىخان بارساڭ ئېتىزغا ھەرقاچان،
بەيگىدە تىزگىن سىرىپ قۇچقىن زەپەر لەۋزىڭدە تۇر.
بولقا يا ئامبۇر ئېلىپ كىرسەڭ زاۋۇتقا، يەڭ تۈرۈپ—
قىل ئېغىر ئەمگەكنى سەن شامۇ-سەھەر لەۋزىڭدە تۇر.
بولمىغىن شەخسى غەرەز شۇندىن كىلۇر تەھدىت ساڭا،
دەل ئەشۇ شەخسى غەرەز بىرچوك خەتەر ، لەۋزىڭدە تۇر.
ئۆتمىسۇن ئۆمرۈڭ بىكار مەنزىلنى كۆزلەپ قىل شىكار،
تەر تۆكۈپ خەلقىڭگە سەن مول مىۋە بەر لەۋزىڭدە تۇر.
باشتىكى ئېيتقان سۆزۈڭ، بىرلە يورۇق بولسۇن يۈزۈڭ،
گەر سۆزۈڭ بولسا پۇچەك قاغىش تىگەر، لەۋزىڭدە تۇر.

(2)

ئەي دوستۇم ئاگاھ بولغىن جىدەلگە سودىگەر بولما،
بۇزۇپ بىرلىك-ئىناقلىقنى بىكارغا داۋىگەر بولما.
سېلىپ، چاق-چۇققىغا ئەلنى نۇقۇپ شەيتانۇ-ۋەسۋەستە،
ئۆزەڭ پىنھان تۇرۇپ ھەرگىز نىزاھچى سېھىرگەر بولما.
نەزەر سال خەلقىمىز ئەمدى بولۇپ ئۇم جەڭگە ئاتسالدى،
تۇرۇپ لاپ بىرلە يالغاننى ۋاپاغا قەستىگەر بولما.
ئەگەردە بۇيرىسا خەلقىم سېنى بىرشان-شەرەپ ئىشقا،
شۇنى ھەرچاغ بىجا كەلتۈر، لاغايلاپ رەستىگەر بولما.

ھامان، ھەر دەمدە، ھەر جايدا ئىناق-بىرلىكنى كۆپ سۆزلە،
دىمە ئاقىنى «قارا» ھەرگىز «بوياقچى-ئۆشتىگەر» بولما.

( 3 )

ئەي كىشى مېھنەتنى سۆي لەيلەپ يۈرۈشنى بىل نومۇس،
كۆپچۈلۈكتىن ئايرىلىپ پىنھان تۇرۇشنى بىل نومۇس.
سەن ئەگەر بولساڭ يىگىت مەرتلىكنى قولدىن بەرمىگىن،
ھەر قاچان راست سۆزلىگىن سەن لاپ ئۇرۇشنى بىل نومۇس.
ئەلگە بولغىن مېھرىۋان دوستۇڭنى چەتكە تاشلىما،
ئاستىرتتىن ئۆزگىگە قاپقان قۇرۇشنى بىل نومۇس.
ھەر ئىشىڭدا شان قۇچۇپ قىلغىن خەلققە توھپە يار،
ئەرزىمەس ئىنسان بولۇپ نامەرت ئۆتۈشنى بىل نومۇس.

( 4 )

دەۋىر ئۈندەيدۇ ئى دوستۇم بۈيۈك جەڭدە ھېرىپ قالما،
چۈشۈپ بەيگىگە ئات چاپتۇر چىدامىلىق بول چېنىپ قالما.
شىجائەت ئۇرغۇتۇپ ھەر چاغ بىلىمگە ئىختىدا ئەيلە،
ئىجات قىل يېڭىلىق كەلتۈر بۇ يولدىن ھېچ ئېزىپ قالما.
مىنۇت ۋاقتىڭنى ئالتۇن بىل تىرىش-تىرماش ئۆگەن ھارماي
بولۇپ ھوشيار ئېزىتقۇدىن يامان يولغا كىرىپ قالما.
ۋەتەن-ئەل بەختىنى كۆزلە، كۈتەر خەلقىم ئۈمۈت سەندىن،
ھامان توھپە يارات ئەلگە، يېرىم يولدا سىنىپ قالما.
تىرىشچان بول ھېمىشەم سەن بوشاڭلىق قىلمىغىن ئەسلا،
ھەزەر قىل ناز، نەمەننادىن بۇخىل لايغا پېتىپ قالما.
قېنى دوستۇم جاسارەتتە قىزىتقىن جەڭ بوسۇپ قورغان،
ئەجىر-توھپەڭدە ئىز قالدۇر كېيىن ھەسرەت چېكىپ قالما.

## ۋەتەن دىسە

(جەڭچى ئاغزىدىن)

ئامىنە تۇردى

ئانا تۇپراق گۈل دىيار سۆيگۈنۈمدۇر ئەڭ گۈزەل،
ھەر بىر تېشى مەن ئۈچۈن شۇنچە قىممەت ھەم ئەۋزەل.

ۋەتەن دىسە شاتلىقىم دولقۇن ياساپ ئاقىدۇ،
ئىلھام قۇشۇم پەرۋاز قىلىپ كۆكتە قانات قاقىدۇ.

ئۇدۇر مېنىڭ ئۆز ئانام مېھرى بىلەن سۈت بەرگەن.
ئەقىل بەرگەن-قەلبىمگە مەرىپەتتىن گۈل تەرگەن،

شۇڭا ئۇنى ھەر مىنۇت يۈرۈگۈمدىن سۆيۈمەن،
ئېقىپ ئۇنىڭ سۆيىدە ئوتى بىلەن كۆيۈمەن.

قەسەمىم بار تا ئەبەت قەيسەر جەڭچى بولۇشقا،
ئاتىغا نەمەن باردىمىي زامانى ئەل قورۇشقا.

# بولسا

بارات ئىمىن

بەخت شۇ: ئىلمۇ-ھېكمەتچىل خەلق، ھەق پادىشا بولسا،
ئانا يۇرت، ئەل دىلىغا ھەم قۇياشنىڭ مېھرى جا بولسا.
كىشىنىڭ مۇشكۇلى مەڭگۈگە ھەل بولمايدىغان ئىش يوق،
چېچەكلەر ھەرقاچان ئارزۇ يېتەكچىڭ قول تۇتار بولسا.
تەسادىپ بىر ھاۋادىستىن گۇمانىڭ لېيىغا پاتساڭ،
ھەقىقەت ئاقىلىغاي، خەلقىڭ تىلەكداش، چىن گۇۋا بولسا.
پاراغەت ئەسلى نىسبەتتە پەقەت ئۆبىر كىشىچۈن ئەمەس،
كېلەر ھەركىمگە جەڭ-تەردىن، بەختكە ئاشنا بولسا.
ھاياتتۇر سويگۇدۇ نىياسى، مۇھەببەتلىك جېمى ئىنسان،
ۋىسالغا يەتمىگىنىڭ بىي شەك خەلق - ئەل بىناۋا بولسا.
كىمىكى راس نىيەتلىكتە خەلققە توغرا ئەگەشسە،
ئاداشماس مەنزىلىن بويلار، سەپەردە رەھنەما بولسا.
باراتى بىر ئۆمۈر رازى، دىلىدا قالمىغاي ئارمان،
خەلققە ئەۋۋەل-ئاخىر نەپەسداش، جان پىدا بولسا.

## تېمىسىز دىئالوگلار

سۇ:— ھەي بىرادەر! مەن شۇنداق سۈزۈك تۇرسام، سەن دايىم ئۆزەڭنى ماڭا ئېتىپ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ گۈزەل ھوسنى- جامالىمنى بۇلغايسەن؟

غازاڭ:— ئېزىز دوستۇم، مەن سېنىڭسىز ياشىيالمايدىغان تۇرسام، يەنە قانداقچە سېنىڭ ئالدىڭدا بىشەدەپلىك قىلالايمەن. مېنى شاخلىرىمدىن ئايرىپ، سېنىڭ گۈزەل ھوسنى- جامالىڭغا داغ تەككۈزۈشكە سەۋەبچى بولغان نەرسە شامال-دە.

# ئىككى غەزەل

ئابدۇۋايىت قاسىم

I

يارالغاندۇر ۋۇجۇدۇم مۈلكى بۇ گۈلشەن دىيارىمدىن،
تولۇپمىش تەنگە قانىمۇ يۇرۇڭقاش، ئىلى، تارىمدىن.
شۇڭا يۇرت سۆيگۈسى دىلدا، بۇ يولدا كەلسە مىڭ مېھنەت-
يېگەرمەن، كىم ئۇنى تارتىپ ئالۇرلار ئىختىيارىمدىن؟
ئانا يەر ھوسنىدە ئەنۋەرسىمەلى ئاقساتىزرا لماس تىزن،
ياغار ئالەمگە نۇر ھەردەم مۇقەددەس شۇئلەزارىمدىن.
ئىشەنچ بىھەد، قۇۋۋەتچەكسىز، نىشان ئايدىڭ، كوزۇم رۇشەن،
شەبىستان لەشكىرى ھەرگىز قۇتۇلماس زۇلپىقارىمدىن!
سەپەرنىڭ قامۇسى ئىچرە ئىجادىم مىسلى بىر زەررە،
ئانا يۇرت ئىشقىدا، ھەردەم ئېچىلغاي گۈل، يازارىمدىن.
بىلىڭ، ئەل-يۇرت ئۈچۈن قالغان بولۇرۋاھىت ئەۋەل-ئاخىر،
كېچەرمەن جان-تەندىن، كەچمەگەيمەن بۇ شۇئارىمدىن.


II

ئېلىپ يارنىڭ سالامىنى ئىپارھىدلىق سابا كەلدى،
سۆيۈندى جان-تەن، باغرىم، جانانىدىن چىنۋاپا كەلدى.
ھايا جان ئىلكىدە ئالدىم ئېزىزلاپ ئۇشبۇ نامەنى،
يۈرەكنىڭ زەخمىگە مەلھەم ئىسمىل دورا-داۋا كەلدى.
شۇڭا قەلبىم ساتارىغا ۋاپانىڭ تارىنى سالدىم،
ئۈنى چالسام مۇھەببەت بابىدىن ياڭراق ناۋا كەلدى.
قانات قاقتى ۋىسالنىڭ باغىدا سۆيگۈ قۇشى مەغرۇر،
ئوھۇي! پەرھاتقا شىرىندىن مىسالى خوش نىدا كەلدى.
ئەقىدە لالىزارىدىن جانانغا گۈل تىزىپ سۇندۇم،
(ساداقەتنىڭ گۈلى بەلگەنگە گوھەردىن تازا كەلدى.)
دېدىم: «ئەي دوست، مۇھەببەت باغىغا ياغدى بۇدەم ئەبرۇ،
يەنە بەختىمنى قۇتلۇقلاپ سۈزۈك تاڭ، ساپھاۋا كەلدى!»
ماڭا تۇتقىن شاراپ ساقى، قېنى يار سەنمۇ مەي تەڭلە،
قېنىپ ئىچمەككە بۇمەينى جاھاندەك ئىشتىھا كەلدى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توتىنامە ①

## ئون بىرىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى



بۇ ئاخشام خەجەستە ئاقتىن ئۇستىۋاش كىيىپ، ياسىنىپ — توتىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە توتىغا ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى. توتى «تېزرەك بېرىپ، دەرھال قايتىپ كېلىش» نى تاپىلاپ مۇنداق دېدى:

— تېز بېرىپ، دەرھال قايتىپ كېلىڭ، ئەمما ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ تەمە قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ، چۈنكى تەمە قىلغان بىراخمان يولۋاسنىڭ قولىدا ئۆلگەن ئىدى. بۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ!

خەجەستە توتىنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ:

— بۇ قانداق ئىش ئىدى، بىراخمان قانداق قىلىپ يولۋاسنىڭ قولىدا ئۆلگەن؟ — دەپ سورىدى. توتى بۇ ئاخشامنىڭ ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

مەلۇم شەھەردە بىر بىراخمان بار ئىدى. ئۇ كاتتا كەتكەن باي ئىدى. ئىمىشقىكىن، كۈندىن-كۈنگە قولى قىسقىراپ كەمبەغەللەشكىلى باشلىدى. ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىدىن سەپەرگە چىقتى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇسساپ، تەشنالىقتا چىدىماي، سۇ ئىزدەپ بىر كۆلنىڭ بويىغا بېرىپ قالدى. قارىسا كۆل بويىدا بىر يولۋاس، بىر تۇلكە بىر توشقان تۇرۇپتۇ. بىراخمان يولۋاستىن قورقۇپ توختاپ قالدى. بۇنى باققان تۇلكە بىلەن توشقان بىراخمانغا ئىچىنى ئاغرىتىپ، يولۋاسقا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئى يولۋاس شاھ، سىز شاھىمىزنىڭ ئادالىتى ۋە سېخىلىقى ئادەملەر ئارىسىدا



① بېشى 1981-يىللىق سانلاردا

مەشھۇر، بۇ ئادەم سىزدىن ئۈممەت قىلىپ كېلىپتۇ، خۇدا سىزنىڭ ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن...

تۈلكە بىلەن توشقاننىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلىغان يولۋاس بىراخماننى ئالدىغا چاقىردى ۋە بۇندىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ قولىدا ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ دۇنيا-ماللىرىنى ئۇنىڭغا بەردى.

بىراخمان بۇ دۇنيا-ماللارنى كۆتىرىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، تەمەنىڭ شۇم كۈچى بىلەن يەنە بۇ يەرگە كەلدى. تۈلكە بىلەن توشقان بىراخماننىڭ تاماخورلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئارا: «بۇ ئادەمدە ئىنساپ يوق ئىكەن، بارغا قانائەت قىلماي، تەمە قىلىپ يەنە كېلىپتۇ، يولۋاس كورۇپ قالمىغىدى....» دېيىشىپ تۇرغان ئىدى، شۇ ئەسنادا يولۋاس بىراخماننى كورۇپ قالدى ۋە شۇھامان ئۇنى تالاپ ئۆلتۈردى....

تۈتى خەجەستىگە سوزلەپ بېرىۋاتقان ھىكايىسىنى تۈگىتىپ مۇنداق دېدى:

— ئاڭلىغانسىز، بىراخمان قانائەتتىن ئۆزىنى يىراق تۇتتى. تەمە يولىغا قەدەم باستى. شۇ سەۋەپتىن دۇنيا-ماللىرىنى خىراجەت قىلالماي، ئەكسىچە يولۋاسنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. سىزمۇ ئۆزىڭىزنى تەمەدىن يىراق تۇتۇپ، ۋاقتىدىراق قايتىپ كەلگەيسىز.

تۈتى يوقۇرقىلارنى سوزلەۋاتقىنىدا تاڭ يورۇشقا باشلىغان ئىدى.

## ئونئىككىنچى ئاخشامنىڭ ھىكايىسى

بۇ ئاخشاممۇ ئوتكەن كۈنلەردىن پەرقلەنمىدى. خەجەستە تۈتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۈتى ئۇنىڭغا كۈندىكىگە ئوخشاش نەسىھەت باشلىدى ۋە ھىكايە ئارقىلىق مۇددىئاسىنى بايان قىلدى:

— بىر چولدە بىر قېرى شىر ياشايتتى.

بۇ شىر شۇنچىلىك قېرىغان ئىدىكى، چىشلىرىنىڭ ئاللىقىدىن يەڭگەن گوشلىرى ئاشۇ ئالاچىشلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالاتتى. بۇ يەردىكى ساچقانلار شىرنىڭ قېرىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئالاچىشلىرى ئارىسىدىكى گوشلەرنى يېيىش ئۈچۈن توپلىشىپ كېلىشەتتى. بۇ ئىش شىرنى ئۇخلىغىلى قويماي ناھايىتى بىئارام قىلاتتى.

شىر بۇ توغرىلىق كايىغان ھالدا ۋەزىرنى چاقىرىپ ئامال قىلىشنى تاپىلاپ:

— مەن شاھ بولسامۇ ئارامىمدا ئۇخلىيالمىسام؟ سەن مېنىڭ ۋەزىرىم تۇرۇقلۇق ھالىمدىن خەۋەر ئالمايسەن!، — دېدى.

ۋەزىر ئۇزاق ئويلاپ بىر دانە مۈشۈك تېپىپ، شىرنى ساچقانلارنىڭ بىئارام قىلىشىدىن قوغداش ۋە ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويدى.

مۈشۈك شىر پادىشانى قوغداش ۋەزىپىسىنى بەجانىدىل ئورۇنلار ئىدى.

ئۇ شىرنىڭ يېنىدا كوزىنى يۇمماي قاراپ تۇراتتى. مۈشۈكنىڭ شىرغا پاسىۋان بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ساچقانلار شىرنىڭ يېنىغا كەلمەيدىغان، شىرمۇ ئارامخۇدا ئۇخلايدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۈشۈكنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى ھورمىتى كۈندىن-كۈنگە ئوستى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۈشۈكنىڭ خوشنىلىرىنىڭكىدە توي بولىدى. مۈشۈك تويغا قاتناشماق بولدى ۋە بالىسى ئاسلانغا ئىش تاپىلىدى:

— بالام، سەن بۈگۈن پادىشاغا پاسىۋانلىق قىلىسەن، ئۇخلاپ قالما، شىر قېشىدىن يىراققا كەتمە، ساچقانلار شىرنى بىئارام قىلمىسۇن!....

ئاسلاننىڭ جېنى ئىچىگە پاتماي سەكرەپ كەتتى. ئۇ ئوردىدىكى بارلىق ساچقانلارنى قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇپ، ئوردىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



ساچقاندىن خالى قالدى.

مۆشۈك تويدىن كېلىپ قارىسا، ئاسلان ئۇخلاۋاتقىدەك، ئوردا ئىچىگە ساچقاننىڭ ئۆلۈكلىرى توشۇپ كەتكەن. مۆشۈك ئاسلاننى ئويغىتىپ ئەھۋالنى سورىدى. ئاسلان بولغان ۋاقەنى ئاڭىغا سۆزلەپ بەردى. مۆشۈك پىشانىسىگە «پاق!...» قىلىپ بىرنى ئۇردى ۋە ئۇھ تارتىپ:

— يامان قىلىپسەن، ئەمدى سەن بىلەن مېنىڭ شىر ئوردىسىدا يەيدىغان رىسقىمىز ئاخىرلىشىپتۇ. ساچقان تۈگىسە بىزنىڭ بۇيەردە پاسىۋانلىق قىلىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟، — دەپ زارلاندى.

راست دېگەندەك، ئاز كۈن ئۆتمەي ۋەزىر مۆشۈكنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەمدى ئوردىدا ساچقان قالمىدى. شىر پادىشانى ساچقانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قوغداشنىڭ زورۇرىيىتىمۇ يوق. شۇڭا، سىلەرگە ئوردىدا ئىش تۈگىدى، قايتىڭلار، — دېدى.

شۇندىن بېرى مۆشۈك ساچقاننى قوغلاپ تۇتمايدىغان، قوسىغىغا چۈشلۈق تۇتۇپ يەپ، باشقا چاغدا چاتىقى بولمايدىغان بولدى...

تۇتى ھېكايىسىنى مۆشۈ يەرگىچە سۆزلەپ، خەجەستىگە مۇنداق دېدى:

— ئى خەجەستە، ئاڭلىغانسىز، مۆشۈك نادانلىق قىلىپ، ساچقانلارنى بىراقلا ئۆلتۈردى. بۇ ئىش ئۆزىگە زىيان كەلتۈردى. بىلىپ قويۇڭكى، زورۇرىيەتتىن ئارتۇق ھەۋەس، ئېھتىياجىدىن كۆپ تاماق خەۋپتۇر. ئاسلاننىڭ پاجىئەسى سىزگە ئەقىل بەرگەي. قېنى، تاڭ يورۇپ قالماستا مۇرادىڭىزغا يېتىشىڭىز ۋە تېز يېنىپ كېلىڭ.

تۇتى ھېكايىسىنى توختاتتى. ئالەم يورۇشقا باشلىدى.

# ئون ئۈچىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

كېچە لەشكىرى ئاسماننى قاراڭغۇلۇق نەيزىسىنى قادىغاندا، خەجەستە تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

تۇتى خەجەستىگە:

— بارماقنىڭ يانچىغى باردۇر، ھەر ئىشنىڭ بېشى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئاخىرى ۋە ئاقىۋىتى ھەم بولىدۇ. بېرىڭ، ئەمما تېزرەك قايتىڭ، چۈنكى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە قارىماسىڭىز، شاپۇردەك پۇشايمان قىلۇرسىز، — دېدى.

خەجەستە: «ئۇ قانداق بولۇپ پۇشايمان قىلىپتىكەن؟» دەپ سورىدى. تۇتى ئۆزىنىڭ بۇ ئاخشاملىق ھېكايىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— بىر ساھىلغا بىر توپ پاقىلار (قومچاقلار) ياشايتتى. بۇلارنىڭ شاپۇر ئاتلىق زالىم شاھى بار ئىدى. پاقىلار زالىم شاھتىن بىزار بولۇپ، ئۇنى ئورنىدىن قالدۇرۇپ، باشقا بىرسىنى شاھلىققا كۆتەردى.

بۇ ئىشتىن ئىززا تارتقان شاپۇر كۆڭلىدە غوم ساقلاپ «خەپ» دېدى. يارلىقنىڭ كامىرىدا پاقىلارنىڭ دۈشمىنى يىلانلار ياشايتتى. ئۇلار بۇرۇندىن تارتىپ پاقىلارنى يەپ كۈن كۆچۈرەتتى. شاپۇر ئەنە شۇ يىلانلارنىڭ شاھى ئالدىغا بېرىپ، ئېگىلىپ سالام بەردى. يىلان كامىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ھە، نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭ؟، سەن بىلەن بىز ئەزەلدىن كۈشەندە، سىلەر بىزلەرگە لوقما بولۇپ كېلىۋاتقان پاقىلار تۇرۇغلۇق، نېمىشقا سالام بەرگىلى كەلدىڭ؟، — دەپ سورىدى.

پاقا (شاپۇر) ھەممە ئەھۋالنى باشتىن ئاياق سۆزلەپ، يىلانلاردىن مەدەت تىلەپ كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلدى.

يىلان شاھى بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، خوشۋاقىت بولدى ۋە يىلانلارنى باشلاپ شاپۇرنىڭ كەينىدىن ماڭدى. شاپۇر پاقىلار يى-

قىلىپ ياشاۋاتقان ماكانىنى كۆرسىتىپ قويدى.

يىلانلار پاقىلارنى تۇتۇپ يېيىشكە باشلىدى. ئازكۈن ئۆتمەي پاقىلار تۈگىدى.

بىركۈنى يىلان شاھى شاپۇرغا:

— بۇ يەردىكى پاقىلارنى كۆرسىتىپ قويۇپ خېلى ياخشى ئىش قىلىۋىدىڭ. ئەمدى ئۇلارنى يەپ تۈگەتتۇق. مانا بۈگۈنكى كۈندە مەنمۇ ئاچ قېلىۋاتىمەن؟ — دېدى خىرىس بىلەن.

شاپۇر يىلان شاھىغا:

— رەھمەت سىزگە، پاقىلاردىن ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەردىڭىز، مەن ناھايىتى خۇرسەندىمەن. ئەمدى ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، — دېدى خۇشامەتكويلۇق بىلەن تازىم قىلىپ.

يىلان شاھى شاپۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قاپىقىنى تۈردى ۋە:

— نېمە؟ سېنى يېمەي تۇرۇپ ئۆيۈمگە قايتامدىمەن، سەنمۇ باشقىلىرىغا ئوخشاش پاقا، نۆۋەت ساڭا كەلدىكى، يېمەي قانائەت تاپمىغايمەن! — دېدى.

شاپۇر بۇنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن كۆكىرەپ كەتتى. «نېمە ئۈچۈن ئۆز بېشىمغا بالا تېپىپ پاقىلارنى كۆرسىتىپ قويغاندىمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزدۈشمىنىمدىن مەدەت تىلىگەندۇرمەن؟» دەپ بىرھازا پۇشايمان قىلغاندىن كېيىن، يىلاندىن قۇتۇلۇشنىڭ ھەلىسىنى ئويلىدى. ئۇ يىلان شاھىغا:

— مەن بىرتاللا پاقا، مېنى بىرۋاقلىق غىزا قىلسىڭىز تۈگەيمەن، ئەگەر ماقۇل دېسىڭىز مۇشۇ يېقىندا پاقىلار يىغىلغان يەنە بىر ساسلىق بولىدىغان، شۇ يەرنى بېقىپ كېلەي ۋە سىزگە خەۋەر قىلاي، — دېدى. ئەمما يىلان شاھى چېقىمچى پاقىنىڭ ئالداشىرىغا قۇلاق قىمۇسا لاي «كاپ» قىلىپلا يۇتىۋەتتى...

تۇتى ھېكايىسىنى مۇشۇ يەرگە يەتكۈزۈپ توختىدى ۋە خەجەستەگە:

— ئەي خەجەستە، باشتا دېگىنىمدەك، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە قارىماسلىق بولمايدۇ، شۇڭا شاپۇرنىڭ پاجىئەسىدىن ساۋاق ئالالايدىسىز، تېز بېرىپ پاتقا قايتىڭ، — دېدى.

خەجەستە قارىسا سوبھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىدى. ئۇ «بۈگۈن يەنىلا بارالمىدىم، ئەتە چوقۇم بارغايمەن» دەپ ئويلاپ، ئۇيىگە كىرىپ ئۇيقۇ ياستۇقىغا باش قويدى.

## ئون تۆتىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

بۇ كېچە خەجەستە تەييارلىقىنى تەخ قىلىپ، تۇتى قېشىغا كېلىۋىدى، تۇتى:

— بىلدىڭ. ئەمما بىرەر مۇشكۈلات يۈز بەرسە، سىز مۇخۇددى قاراقۇلاقتەك ھىلە قىلغايسىز، بۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ، — دېدى. خەجەستە:

— قاراقۇلاقنىڭ ھىلىسى قانداق بولغان؟ — دەپ سورىدى.

تۇتى بۇ ئاخشامنىڭ ھېكايىسىنى شۇنداق باشلىدى:

— باياۋاندا ناھايىتى يېقىن خىشنا بولۇپ ياشىغان بىر شىر ۋە بىر مايمۇن بار ئىدى. بىر كۈنى شىر باشقا يەرگە بارماق ئۈچۈن ئۇزمانەسى (ماكانى) نى مايمۇنغا ئامانەت قىلدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يەرگە بىر قاراقۇلاق پەيدا بولدى ۋە ئۆزىنىڭكى قىلىپ ئىگەللىۋالدى. مايمۇن:

— بۇ يەر ئەسلى شىرنىڭ ئىدى. سەن قاراقۇلاق كېلىپ ئىگەللىۋالدىڭ، سېنىڭ بۇ يەرنى ماكان قىلىۋېلىشقا نېمە ھەققىڭ ۋە شىرغا تاقابىل تۇرغۇدەك نەھەدىڭ باردۇر؟ — دېدى.

— بۇ يەر ئەسلىدە مېنىڭ كونا ماكانىمدۇر، ئاتا-ئانامدىن ماڭا مىراس قېلىپ ئىدى، بىلەمسەن، مەن ئۆز مىراسجايىمغا كەلدىم! — دەپ پوپۇزا قىلدى قاراقۇلاق. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مايمۇن جىم بولدى. ئەمما قاراقۇلاقنىڭ خاتۇنى مايمۇننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئېرىگە:

— بىز بۇ يەردىن يوتكۇلۇپ كەتسەك؟ شىر بىلەن تەڭ تۇرىمەن دېيىش — ئۆزچىلىمىغا ئۆزى رەھىم قىلمىغانلىقتۇر، — دېدى.

— ئەي خاتۇن، — دېدى قاراقۇلاق، — سەن ئانچىۋىلا قورقۇپ كەتمە، ناۋادا شىر كەلسە ئۇنىڭغا ھىيلە بىلەن ھەيۋە ئىشلىتەيمەن.

شۇنداق قىلىپ، ئازكۈندىن كېيىن شىر قايتىپ كەلدى. مايمۇن شىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، بولغان ۋاقەنى بايان قىلدى، شىر قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— بۈزىمىن ماڭا ئاتامدىن قالغان مىراس تۇرسا، قاراقۇلاقنىڭ تارتىۋېلىشىغا نېمە ھەددى بار؟ بۇئوتۈپكەتكەن ھارامزادىلىك ئەمەسمۇ، — دەپ بىرھازا قايىندى. ئەمما ئاچچىغىغا ھاي بېرىپ ئويلىدىكى «توختا، يۈرىكىمنىڭ چوڭلىقىغا قارىغاندا، ئۇقاراقۇلاق بولماستىن، بەلكى مەندىنمۇ كۈچلۈك زورراق ھايۋان بولسا كېرەك، ئالدى بىلەن مەن ئۇنى كۆزىتىپ باقاي...». شىر شۇخىيال بىلەن قاراقۇلاقنىڭ قېشىغا كەتتى.

قاراقۇلاق شىر كەلمەستىن بۇرۇن خاتۇنىغا گەپ ئۆگىتىپ:

— سەن شىر يېتىپ كېلىشى بىلەن بالىلىرىڭنى راسا يىغلاتقىن، مەن «بالىلىرىڭ نېمە دەپ مۇنچە يىغلايدۇ؟» دەپ سورايمەن. سەن «يېڭى ئۆلتۈرۈلگەن شىرگۆشى يىگىمىز كەلدى، دەپ يىغلىشىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگىن، قالغان ئىشنى ئۆزەم بىر تەرەپ قىلىمەن، — دېدى.

شىر كېلىپ، قارا قۇلاقنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ گەپ تىڭشاشقا باشلىدى.

ئۆي ئىچىدە قاراقۇلاقنىڭ بالىلىرى يىغلىشىۋاتاتتى. قاراقۇلاق خاتۇنىغا:

— ھەي، بالىلىرىڭنىڭ يىغىسىنى پەس قىلساڭچۇ، نېمە مۇنچە تولا يىغلايدۇ بۇلار، — دەپ ئاچچىقلاندى.

خاتۇنى:

— تۈنۈگۈن سەن ئېلىپ كەلگەن ئادەم گۆشى بىلەن شىرنىڭ گۆشىنى يېيىشىپ بولدى، يەنە، تويمىدۇق، يېڭى ئۆلتۈرۈلگەن شىرگۆشى يەيمىز، دەپ غەلۋە قىلىشىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى ئېرىگە.

قاراقۇلاق بالىلىرىغا قاراپ:

— توختاپ تۇرۇڭلار، ئەگەر پېشانەڭلەر ئوڭ بولسا بۇيەرگە شىر ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، شۇچاغدا شىرنىڭ يېڭى گۆشى بىلەن غىزالاندۇرىمەن، — دېدى.

قاراقۇلاقنىڭ ئۆيدە بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلىغان شىر ماكانىدىن ۋازكېچىپ، ئالدى-كەينىگە قارىماي قېچىپ كەتتى...

تۈتى ھېكايىسىنى شۇيەردە توختاتتى ۋە خەجەستىگە قاراپ:

— سىزمۇ ھىيلە ئىشلىتىپ شىردىن قۇتۇلغان قاراقۇلاقچىلىك بىرئىش قىلغايسىزكى، مۇبادا بىرەر كېلىشمەسلىك دۇچار بولسا ئامان قالۇرسىز. چاققان بولۇڭ، تاڭ يورۇماستىن بۇرۇن بېرىپ مەھبۇبىڭىزنى كۆرگەيسىز.

خەجەستە قارىسا تاڭ يورۇپ قالغان ئىدى. بۈگۈن يەنە بارالمىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

## ئونبەشىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

خەجەستە بۇ ئاخشام يەنە تۈتىنىڭ قېشىغا كېلىپ رۇخسەت سوراپ:

— ئەي تۈتى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قېشىڭغا كېلۇرمەن، ھەركۈنى ھېكايە قىلۇرسەن، ھېچبىر ياردەم قىلغۇڭ يوق، ئەكسىچە ئاۋارە قىلىۋاتىسەن، بۈگۈن ئاخشام يارىمنىڭ قېشىغا بارىمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟، — دېدى.

تۈتى:

— ئەي خەجەستە، مەن سىزگە ياردەم قىلمىدىم ئەمەس، بەلكى كۆپ مەسلىھەتلەر بەردىم. يارىڭىز قېشىغا بېرىشىڭىزغا يار-يۆلەكتە بولدۇم، يول كۆرسەتتىم. قوبۇل قىلغۇڭىز كەلمىدى. مەسلىھەتسىز ئىش— ئىچى يامان

بوزچىنىڭ قىلمىغىنى ئوخشاپ قالمىسۇن دېدىم، دېدى. تۇتىنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان خەجەستە:

— ئېيتە قېنى، ئىچى يامان بوزچىنىڭ قىلمىغى قانداق ئىدى؟ — دەپ سورىدى. تۇتى بۇ ئاخشامنىڭ ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

— شەھەرلەرنىڭ بىرىدە زەھۇر ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى، ئەۋرىشىم بىلەن رەخ توقۇيتتى. ئۇ ئارام ئالماي رەخ توقىسىمۇ بۇھۇنەردىن كوپ پايدا ئالالمىدى. زەھۇرنىڭ يەنە بىر كەسپدىشى بار ئىدى. بىراق ئۇنىڭ توقۇغان رەخلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇپ، ھۇنىرى ئېقىشلىق ئىدى.

بىر كۇنى زەھۇر ھېلىقى كەسپدىشىنىڭ ئويىگە بېرىۋىدى، مال-بىسات، ئوي-سەرەمجانلىرىنى كورۇپ كوزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتتى. «مەن ھېچ بەرىكەت تاپالمايمەن-ئۇ، نىمە ئۇچۇن بۇنچىۋىلا باي؟» دەپ ئويلىغان زەھۇر ئويىگە قايتىپ كېلىپ، خاتۇنىغا:

— مېنىڭ خېرىدارلىرىم ۋە بازىرىمنى تارتىۋالغان كەسپدىشىمنىڭ دەستىدىن بۇ شەھەردە تۇرماي، بىلەك جايغا كېتىپ تىجارەت قىلۇرمەن، — دېدى. خاتۇنى بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىدى ۋە: — بارمىغىن، سەن ھەسەتكە ئامراق، ھۇنىرىڭ ناچار، ئەھۋالىڭنىڭ ناچارلىغىنى ئۇزەڭدىن كورمەي باشقىلاردىن ئاغرىنغىنىڭ نىمىسى؟ ئەڭ ياخشىسى، ئاۋۋال ھۇنىرىڭنى تاكامۇللاشتۇرغىن. نۇخسانلىرىڭنى تۇزەت، شۇچاغدىلا ئۇنىڭغا بەرگەن خۇدا ساڭىمۇ بەرمەي قالمايدۇ. ئەكسىچە باشقا جايغا كەتسەڭمۇ ئەھۋالىڭ بۇشەھەردىكىدىن پەرقلىق بولمايدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

زەھۇر خاتۇنىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي، دېگىنىنى قىلىپ باشقا بىر شەھەرگە كەتتى. بۇ يەردە بوزچى يوق ئىدى. شۇڭا خېلى تاپاۋەت قىلدى. ئۇ «ئويۇمگە بېرىپ كېلەي» دەپ ئويلاپ، پۇلىنى بېلىگە تۇگۇپ يولغا چىقتى. ئاخشىمى يولدا قونۇپ قالدى. ئەتىسى قوپسا تاپقان پۇلىدىن بىر تىيىنمۇ يوق، ھەممىسىنى كېچىدە ئوغرى ئېلىپ قاچقان ئىدى.

زەھۇر ئىلاجىسىز ئارقىسىغا قايتتى ۋە بالدۇرقىدىنمۇ كوپرەك پۇل ئىشلەپ، ئويىگە سەپەر قىلدى. بۇقېتىممۇ تاپقان پۇللىرىنى ئوغرىغا بەردى. بۇ ئىش ئۇچىنچى قېتىممۇ تەكرارلاندى.

زەھۇر: «مەن قانچە ئىشلەپ باققان بىلەن ئېچىمنىڭ ياماللىغىدىن ئىشىم ئوڭىدىن كەلمەيۋاتىدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن ھەسەتخورلۇق مىجەزىمنى تۇگەتمەي تۇرۇپ بەرىكەت تاپالمايدىكەنمەن» دېگەن خۇلاسىغا كەلدى،...

تۇتى ھېكايىسىنى مۇشۇ يەرگىچە ئېيتقاندىن كېيىن، خەجەستىگە:

— مانا، بوزچى خوتۇنىنىڭ توغرا مەسلىھەتىگە كونمەي، تاپقان پۇلىنى ئوغرىغا بەردى، ھۇنىرى ئېقىش تاپمىدى. شۇڭا، سىزگە مەسلىھەتىم شۇكى، قەدىمىڭىزنى ئويلاپ بېسىڭ، توغرا مەسلىھەتكە قۇلاق سېلىڭ، ھالال بولۇڭ. شۇچاغدىلا مۇرادىڭىز ھەل بولماي قالمايدۇ، — دېدى.

بۇچاغدا ئالەم يورۇشقا ئازقالغان ئىدى.

## ئون يەتتىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

— ئادەملەرنىڭ ئەيىۋى قىلغان سوزىدىن مەلۇمدۇر، — دېدى تۇتى خەجەستىنىڭ سورىغان رۇخسىتىگە جاۋابەن، — يارىڭىزنىڭ ئالدىغا بارغان ۋاقتىڭىزدا تىلىڭىزنى يىغىڭ. سوزىڭىزگە ئاگاھ بولۇڭ، ئۇنداق قىلمىسىڭىز سۇلەيسۇننىڭ ئەھۋالىغا دۇچار بولغايسىز.

— سۇلەيسۇن قانداق ئەھۋالغا دۇچار بولغان ئىكەن، مەلۇم قىل! — دېدى خەجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

— بۇرۇن جاڭگالدا بىرسۇلەيسۇن ياشايت-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تى. بىركۈنى ئۈزۈمنىڭ قوسىقى ناھايىتى ئاچتى. ئوزۇق ئىزدەپ كەنتكە چىقتى. بىر تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشكەن ئىدى، بوياقچىنىڭ نىل (رەڭ) قاچىلاپ قويغان كوزىسىغا چۈشۈپ كەتتى. مىڭ مۈشكۈلدە كوزىدىن چىقىپ قارىغۇدەك بولسا موييلىرى نىل رەڭگىدە بولۇپ، كۈن نۇرىدا جۇلالاپ كەتتى. سۆلەيسۇن ئولەتتىرىلمىشىگە باقماي جاڭگالغا قاراپ چاپتى. جاڭگالدىكى ھايۋاناتلار بۇنداق چىرايلىق موييلىرى بار ھايۋاننى كورۈپ ئەيمەنگەنلىكىدىن ئۆزلىرىگە شاھلىققا سايلاشتى.

سۆلەيسۇن تەكەببۇرلۇق بىلەن شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى، ئەمما ئاۋازىدىن چىقىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا سوزلىمەس ئىدى. تۈلكە، كىيىك، مايمۇن، بورە، شىر ۋە يولۋاسلار ئۇنىڭغا دائىم تازىم بىجا كەلتۈرەر ئىدى.

بىركۈنى سۆلەيسۇننىڭ بەكمۇ سوزلىگۈسى كېلىپ قالدى. ئۆكېچىنىڭ قاراڭغۇلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئاۋازىنى چىقارغان ئىدى، بۇنى باشقىلار ئاڭلاپ قالدى، «ئادەتتىكى سۆلەيسۇن ئىكەنغۇ، بىزنى ئالداپ پادىشا بولۇۋالغىنىنى قاراڭلار» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يالغان پادىشا پاش بولۇپ قېلىپ بىچارە ھالەتكە چۈشتى. يولۋاس، شىرقاتارلىقلار ھەش-پەش دېمەي سۆلەيسۇننى تەختتىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ يەپ كەتتى.

تۈتى سوزىنى تاماملاپ، خەجەستەگە مۇنداق دېدى:

— ئەي خەجەستە، سۆلەيسۇن يالغان ھەۋەسكە بېرىلىپ شاھ بولۇۋېدى، تىلىنى يىغماي ئەسلى قىياپىتى ئاشكارە بولۇپ قېلىپ، ئاخىرى باشقىلارغا يەم بولدى. سىزمۇ مەشۇقىڭىزغا بارسىڭىز، ئەلۋەتتە تىلىڭىزنى يىغقايسىز

تۈتى ھېكايىسىنى تاماملىدى. كېچە يورۇپ قالدى.

# ئونسەككىزىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

— ياخشىلىققا ياخشىلىق يانىدۇ، — دېدى تۈتى خەجەستەگە قاراپ، — ئەي خەجەستە، سىز مېنىڭ بۇسوزۇمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ كورۈڭ، بىزگە، بورۇنقىزامانىدىن، كىچىك شاھزادە پاقا (قومچاق)، يىلان قاتارلىقلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرى كېلىپ ئۆزىگە ياخشىلىق يانغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى ئوبدان ھېكايىلەر قالغان.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ دەپ سورىدى خەجەستە.

تۈتى ئۆز ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

— بىر ئۇلۇغ پادىشا ئوتكەن بولۇپ، پادىشانىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. دادىسى ئولگەندىن كېيىن پادىشالىقنى قەستلىگەن ئاكا، ئىنىسىنى ئولتۇرمەك بولدى، بۇنى تۇيۇپ قالغان كىچىك شاھزادە قېچىپ كېتىپ باراتتى، بىر كولنىڭ بويىدا يىلان پاقىنى يەمەكچى بولۇپ چىشلەپ تۇرغىنىنى كوردى. شاھزادە:

— ئەي يىلان، پاقىنى يېمە، تاشلىغىن! — دېدى. يىلان پاقىنى ئاغزىدىن تاشلىۋەتتى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئاچلىقىدىن نالە قىلدى. شاھزادىنىڭ يىلانغا ئىچى ئاغرىپ، غىلاۋىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يامپىشىنىڭ بىر پارچە گوشىنى كېسىپ تاشلاپ بەردى.

يىلان بۇ گوشنى كوتىرىپ چىشىسىنىڭ يېنىغا ئەپكەلدى. چىشى يىلان ئادەم گوشىنى يەپ بېقىپ:

— بۇ ناھايىتى مىزىلىك گوش ئىكەن، قەيەردىن تاپتىڭىز؟ ، — دەپ سورىدى.

ئەركەك يىلان بولغان ئەھۋالنى سوزلەپ بەرگەن ئىدى، خوتۇنى:

— بىر كىشى سىزگە شۇنچىلىك ياخشىلىق قىلسا، سىز ئۇنىڭغا رەھمەتمۇ دېمەي

يېنىپ كېلمىسەڭ، ئۇ كىشىگە دەرھال ياخشىلىق قىلماق لازىم!، -دېدى.

ئەركەك يىلان چىشىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئادەم سۈرىتىگە كىردى-دە، شاھزادىنىڭ كەينىدىن يەتتى ۋە:

— مېنىڭ ئىسمىم خالىس، مەن سىزگە خىزمەتكار بولماقچى،-دېدى. دەل شۇ چاغدا، يىلاننىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قالغان پاقىمۇ ئۈۋىسىغا بېرىپ چىشىسىغا بولغان ئەھۋالنى بايان قىلغان ئىدى. بۇگەپنى ئاڭلىغان چىشىسى:

— ساڭا باشقىلار ياخشىلىق قىلىپ ھاياتىڭنى ساقلاپ قېلىپتۇ، بارغىن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بول،—دەپ دەۋەت قىلدى. بۇ پاقا ھەم ئادەم سۈرىتىگە كىرىپ، شاھزادىنى قوغلاپ يەتتى ۋە:

— مېنىڭ ئىسمىم مۇخلىسدۇر، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلغىلى كەلدىم،— دېدى.

شاھزادە خالىس بىلەن مۇخلىسنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ، ئۇزاق يول يۈرۈپ باشقا بىر شەھەرگە يەتتى: شەھەر پادىشاسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مەن ئاجايىپ پالۋاندۇرمەن، ھەرقانداق خىزمەتنى قىلالايمەن، ھەتتا مىڭ قەدەم يەردىكى نەرسىنى بىر ئوق بىلەن نۇقسانسىز ئاتالايمەن، بىر كۈنلىكىگە مىڭ روپىيە پۇل بەرسەڭ، خىزمىتىڭدە بولسام؟— دېدى.

پادىشا ئۇ شاھزادىنى خىزمىتىگە ئېلىپ قالدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، شاھ شىكارغا چىققىنى، پالۋان يېنىدا بىللە ئىدى. بىر دەريانىڭ لېۋىگە كەلگەندە شاھنىڭ ئۈزۈكى سۇغا چۈشۈپ كەتتى. شاھ ئىلاجسىز بولۇپ پالۋانغا قاردى ۋە:

— ئەي پالۋان، ئەمدى سېنىڭ خىزمەت كۆرسىتىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، ئۈزۈكۈمنى تېپىپ بەرگىن!، — دەپ پەرمان قىلدى. پالۋاننىڭ ھېلىقى مۇخلىس ئىسىملىك خىزمەتكارى:

— ئەي پالۋان، خاتىرىڭىزنى جەم تۇتۇڭ، بۇ ئىشنى مەن ئىجرا قىلىمەن،— دەپ دەرياغا شۇڭغىدى. ھايال ئۆتمەي شاھنىڭ ئۈزۈكىنى تېپىپ چىقىپ پالۋانغا بەردى. شاھ ئۈزۈكىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بەكمۇ خۇرسەن بولدى...

يەنە بىر قېتىم پادىشانىڭ ئارزۇلۇق قىزىنى يىلان چېقىۋالدى. شاھ قىزى يىلاننىڭ سالغان زەھەرلىرىنىڭ دەردىگە تاقەت قىلالماي زار-زار يىغلار ئىدى، چىقىرار ئىدى. ئالالا-توۋا قىچقىرار ئىدى. پادىشا قىزىنىڭ نالىسىگە بىتاقەت بولۇپ، تېۋىپلارغا ئەمەلىتىپ كۆرگەن بولسىمۇ پايدا بەرمىگەچكە، پالۋاننى چاقىرىپ ئامال قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

پالۋان ئۆيىگە قايتىپ خىزمەتكار دوستلىرىغا مەسلىھەت سالدى، بۇگەپنى ئاڭلىغان خالىس ئىسىملىك خىزمەتكارى:

— بۇ مېنىڭ ۋەزىپەمدۇر، سىز پادىشاغا ئېيتىڭ، قىزىنى خاس ھوجرىغا ياتقۇزسۇن، قالغان ئىشنى ئۆزۈم بىلۈرمەن،—دېدى.

پالۋان خالىسنىڭ پىكرىنى شاھقا يەتكۈزۈپ، قىزنى خاس ھوجرىغا ئورۇنلاشتۇردى. خالىس قىزنىڭ يىلان چاققان يېرىنى شوراپ، زەھەرنى ياندۇردى. قىز ساقايدى.

پالۋاننىڭ ئىناۋىتى شاھنىڭ ئالدىدا ھەددىدىن زىيادە بولدى. ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلغان خالىس بىلەن مۇخلىس پالۋاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شاھزادەم، بىزنىڭ نەسلى قىياپىتىمىزنى بىلۈرمۇسىز؟ دەپ سورىدى. پالۋان:

— سىلەر مېنىڭ سادىق خىزمەتكار دوستلىرىم ئەمەسمۇ؟— دېدى.— ياق،— دېدى خالىس، مەن ھېلىقى يانپىشىڭىزنىڭ گۆشىنى كېسىپ بەرگەن يىلان بولۇرمەن.

— مەنمۇ،-دېدى مۇخلىس،—سىز يىلاننىڭ

ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ قويغان پاقا بولۇرمەن.
يىلان بىلەن پاقا كىچىك شاھزادىگە ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى.... تۇتى ھېكايىسىنى شۇنداق تاماملىدى ۋە:
— ئەي خەجەستە، كۆردىڭىزمۇ، شاھزادىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۆزىگە لايىقى بىلەن ياندى. سىزمۇ بۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ، — دېدى. بۇچاغدا تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغان ئىدى...

# يىگىرمە ئىككىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى



خەجەستە تۇتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ رۇخسەت سورىدى. تۇتى:
— ئەي خەجەستە، بۈگۈن مەھبۇبىڭىزنىڭ ئالدىغا بارغاندا غايىپ بولغان قىز توغرىسىدىكى تېپىشماقنى ئۇنىڭغا ئېيتىڭ. مۇشۇ ئارقىلىق مەھبۇبىڭىزنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرۈڭ، — دېدى.
خەجەستە «ئۇ قانداق تېپىشماق ئىكەن؟» دەپ سورىدى تۇتىدىن.
تۇتى خايال قىلماي بۇ ئاخشامنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى:
— ...كابۇل شەھىرىدە تاجىر ئىسىملىك ھالدار بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ زوھرە دەيدىغان خۇشخۇي بىر قىزى بولۇپ، چىرايى جەھەتتە كابۇلدا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. شۇڭا، ھەممە كىشى تاجىرنىڭ قىزىغا مەپتۇن ئىدى. ئەمما قىز ھېچكىمنى قوبۇل كۆرمەيتتى. ئاتىسى نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ:
— دانا بىلەن ياشايمەن، جاھىلغا باقماسمەن، مەن شۇنداق كىشى بولسا شاتلىق قىلۇرمەنكى، ئۇ ياكى دانىشمەن بولسۇن، ياكى ھۈنەر-سەنئەتتە كامالەت تاپقان بولسۇن!، — دەپ جاۋاپ بېرەتتى.
بۇ خەۋەر يېراق-يېراقلارغا تارقالدى. ئۆز تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولغان ئۈچ يىگىت كابۇلغا كېلىپ قىزنىڭ ئاتىسىنى تاپتى ۋە:
— قىزىڭىزنىڭ داڭ-تەۋسىپىنى ئاڭلاپ مەپتۇن بولدۇق، ئۇنىڭ شەرتلىرىگە ئۆزىمىزنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، سىزگە بالا، قىزىڭىزغا ھەمرا بولالايلىمى، دەپ كەلدۇق؟، — دېيىشتى. تاجىر ئۇلاردىن:
— ئېيتىڭلار، سىلەرنىڭ قانداق دانىشمەنلىكىڭلار ۋە ھۈنىرىڭلار بار؟، — دەپ سورىدى.
بىرىنچى يىگىت: «مېنىڭ تاپقۇلۇق ھۈنىرىم باركى، ھەرقانداق يوقالغان نەرسىنى دەرھال تاپالايمەن» دېدى.
ئىككىنچى يىگىت: «مېنىڭ ياغاچتىن ئات ياساش ھۈنىرىم شۇنچىلىك كامالەتكە يەتكەندۇركى، ھەركىم مەن ياسىغان ئات ئۈستىگە مىنسە تەختى سۇلايمانغا چىققاندەك ھاۋا ئۈزرە بىمالال ئۇچالار»، — دېدى.
ئۈچىنچى يىگىت: «مېنىڭ ھۈنىرىم تىرە ئەندازلىقتۇركى، ھەرقانداق جايدىن ئاتقان ئوقۇم ھەرگىز خاتاكە تەگمەي، بىر ئوق بىلەن يېقىتۇرمەن» دېدى.
تاجىر يىگىتلەرنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ قىزىنىڭ ئالدىغا كىردى، قىز:
— ئەگەر ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى شۇنداق بولسا، ئەتە ئۆزۈم كۆرۈشۈپ ۋە سىناپ كۆرگەندىن كېيىن جاۋاپ بېرەي، كۆڭلۈمگە ياققان كامالەتلىك بىرىنى شۇچاغدا تاللىۋا-



لاي،-دېدى.

ئەتىسى كۈتۈلمىگەندە قىز ئىز-دېرەكسىز يوقالدى. ھەرتەرەپتىن ئىزدەشكەن بولسىمۇ تېپىلمىدى. تاجىرنىڭ بېشى قاتتى. بۇ قىزنى پىنھان ۋە ئېگىز تاغلار ئارىسىدا ياشايدىغان دوي-پېرى ئېلىپ قاچقان ئىدى.

تاجىر كوپ ئويلاشتىن كېيىن ھېلىقى يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا كىردى ۋە ئەھۋالنى ئېيتتى. تاپقاقلىق ھۈنىرى بار يىگىت ئۆزىگە خاس كارامىتىنى ئىشلىتىپ، قىزنى دوي-پېرى ئېلىپ قاچقىنىنى؛ يىراقتىكى پىنھان تاغ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى؛ ئۇيەرگە ھېچقانداق ئادەمنىڭ بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىككىنچى يىگىت دەرھال ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بىر ئات ياساپ چىقتى ۋە «بۇ ئاتقا مىنىپ ھاۋاغا كوتۈرۈلسە، دوي پېرى ماكانى بولغان پىنھان تاغ ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ»،-دېدى.

ئۈچىنچى يىگىت ياغاچ ئاتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، چابدۇنۇپ، ئاسمانغا كوتىرىلدى ۋە دوي-پېرىنىڭ ماكانىغا باردى-دە، بىر ئوق بىلەن پېرىنى ئولتۈرۈپ، قىزنى ساق-سالامەت قايتۇرۇپ كېلىپ تاجىرنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا ماجىرا تۇغۇلدى؛ ھەممىسى ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى سوزلەپ قىزنى ئېلىشنىڭ دەۋاسىنى قىلىشتى. كىشىلەر «كىمنىڭ ھۈنىرى كىمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ؟» دەپ غۇل-غۇلا قىلىشتى...

توتى ھېكايىسىنى مۇشۇيەرگىچە سوزلىدى، ئاندىن خەجەستىگە:

—سىز بېرىپ مەھبۇبىڭىزغا بۇ تېپىشماقنى سوزلەپ بېرىڭ، قىزنى دوي-پېرىدىن قۇتقازغان يىگىتلەرنىڭ قايسىغا بېرىش لازىملىقىنى سوراڭ ۋە ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناپ كورۈڭ. مۇشۇ تېپىشماققا توغرا جاۋاپ بېرەلىسە مەھبۇبىڭىز ئېقىللىق تۇر،-دېدى.

—سېنىڭچە،-دېدى خەجەستە،- بۇنىڭ جاۋابى نېمىدۇر؟

—ئىككى كىشى ھۈنىرىنى كورسەتتى، ئىشلەتەلمىدى. شۇنداق يامان يەرگە بېرىپ قىزنى ئېلىپ كېلىش ئاسانمۇ، قالغىنىنى ئوزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ؟،-دېدى توتى.

توتىنىڭ ھېكايىسى تامام بولدى. ئاسمان يورۇشقا باشلىدى.



# يەگىرمە ئۈچىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

كەچ بولدى، قاراڭغۇ چۈشتى. خەجەستە جابدۇنۇپ تۇتىنىڭ قېشىغا كەلدى. سالام بەرگەندىن كېيىن:

— بۈگۈن ماڭا رۇخسەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى. تۇتى خەجەستىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن:

— مەن سىزنى قاچان بارماڭ دېدىم؟ بارغىچە، كەلگىچە مۈشكۈلاتلار ئۇچراپ قالسا چارە-تەدبىر قىلىپ قۇتۇلۇشىڭىز ئۈچۈن مەسلىھەت كورسەتتىم خالاس. ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن مەندىن رەنجىپ يۈرمەڭ. بۈگۈنمۇ مەسلىھەتىم شۇكى، ئۇ يەرگە بارغاندا ئېرىدىكە ۋاپادار خاتۇندەك بولۇشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن، — دېدى.

— ئېرىگە ۋاپادار خاتۇن قانداق قىلغان ئىكەن؟

خەجەستىنىڭ سوئالىغا تۇتى مۇنداق جاۋاپ بېرىپ، ھېكايىسىنى باشلىدى:

بىر شەھەردە كاتتا بىر باي بار ئىدى. باينىڭ ئەزىمەت ئىسىملىك يالغۇز ئوغلى چوپ-چوك بوپقالغان بولسىمۇ، باي ئۇنى ئويلەپ قويۇشتىن ئېغىز ئاچماس ئىدى. باشقىلار «ئوغلىڭىزنى ئويلەپ قويمادۇق؟» دېسە، باي: «ئۇ تېخى كىچىك» دەپ جاۋاپ بېرەتتى. چوڭ يىگىتنى «كىچىك بالا» دەۋالغان بايغا كىشىلەر «پىخسىق باي» دەپ لەقەم قويدى.

ئەزىمەت مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەقىل تېپىپ، پاراسەتلىك بولۇپ يېتىشكەن كۈنلەردە سودىگەرنىڭ دىلدار ئىسىملىك قىزىغا كۆڭلى چۈشتى. دىلدار چىراي شەكلى جەھەتتىن بولامسۇن، گەپ-سۆز جەھەتتىن بولامسۇن كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلىدىغان چىرايلىق قىز ئىدى. بۇ قىزنى بىر قېتىم كورگەنلەرنىڭ يەنە بىر قېتىم كورگۈسى كېلەتتى.

ئەزىمەت بۇقىز بىلەن ساۋاقداش بولغاچقا، كېلىشىدە قوشماق بولۇپ كەلسە، قايتىشىدا جۈپتەك بولۇپ قايتىدىغان بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئەزىمەت دىلدارغا مۇھەببەت باغلىدى، دىلدارمۇ ئەزىمەتنىڭ ئىشقىغا مۇپتىلا بولدى. ئەمما دىلدارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئەزىمەتنىڭ ئاتا-ئانىسىغا نەپرەت بىلدۈرۈپ؛ ئەزىمەتنىڭ ئاتا-ئانىسى بولسا دىلدارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ياراتماي دېگەندەك، ئىككى ياشنىڭ ئىشىغا توسالغۇ بولالاتتى. شۇڭا، ئەزىمەت بىلەن دىلدار ئاتا-ئانىلىرىدىن يوشۇرۇن تويلىشىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان «پىخسىق باي» ئەزىمەتنى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقاردى. خاتۇنى دىلدارنى ئېلىپ، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىقتى.

ئەزىمەت بىلەن دىلدار ماڭا-ماڭا بىر سايىدىكى ئەڭگەرگە كېلىپ چۈشتى.

بۇ ئەڭگەردە بىر بوۋاي تۇراتتى. ئۇ كەلگەنلەردىن ھادۇق سوراپ، كەتكەنلەرگە ئاق يول تىلەپ ئانچە-مۇنچە تاپاۋەت قىلىپ، شۇنىڭ بەدىلىگە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بوۋاي ئەزىمەت بىلەن دىلدارنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ ھادۇق سورىدى ۋە قوندۇرۇپ قالدى.

ئەتىسى دىلدار ئەزىمەتنى ئويغىتىپ:

— مەن كېچىدىن بىر قۇر ئەرچى تاش كېيىم تەييارلىدىم، سىز بۇنى شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا بىر ئاز يېمەك، گۈرۈچ، گوش ۋە ماي سېتىۋېلىڭ، باھاسى 500 تەڭگىدىن كەم بولمىسۇن، ئەمما شۇنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭكى، بىرىنچىدىن، بۇكىيىمنى ھېچنىڭ تەككەنلىگىنى، ئىككىنچىدىن،

نەدە ئولتۇرۇۋاتقانلىغىڭىزنى، ئۈچىنچىدىن، ئىسمىڭىزنى ھەرقانداق كىشىگە ئېيتىپ بەرمەڭ!،-دېدى.

ئەزىمەت بازارغا باردى. دىلدار تىككەن بۇ تاش كېيىمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ 500 تەڭگىگە ئالىدىغان خېرىدار تېپىلمىدى، ئۇخېلى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىرچۈك دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدى. دۇكانچى تاش كېيىمنىڭ باھاسىنى سوراپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىچى-تېشىنى ئاغدۇرۇپ كۆزدىن كەچۈردى. دۇكانچىنىڭ كۆزى تاش كېيىمنىڭ ئىچ يانچۇغىنىڭ ياپقۇچىغا ئىشلەنگەن بىر رەسىمگە چۈشكەن ھامان باھا تالاشمايلا 500 تەڭگىنى سانىدى.

ئەزىمەت دۇكانچىدىن پۇلنى ئېلىپ، دىلدار بۇيرىغان سودا-سېتىقلارنى قىلىپ، دەرھال لەڭگەرگە قايتتى.

دىلدار ئەزىمەتنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، باش-ئاياغ يۇيۇندۇرۇپ دەم ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ئارىدىن بىرزامان ئۆتتى. دىلدار بۇ ئارىلىقتا يەنە بىرتاش كېيىم تەييار قىلدى. بۇقېتىمقىسى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆركەم ۋە چىرايلىقراق بولۇپ، بۇنىڭ يانچۇغىمۇ بىرسۈرەت ئىشلەنگەن ئىدى.

دىلدار ئەزىمەتكە:

—بۇكېيىمنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىڭ، باھاسى مىڭ تەڭگە. ئەمما ھەركىم «بۇنى كىم تىكتى، ئۇ يۈكلار قەيەردە؟...»دەپ سورىسا ھەرگىز ئېيتىپ بەرمەڭ، بولمىسا پۇشايمانغا قالۇرمىز،—دەپ جېكىلىدى.

ئەزىمەت بازارغا باردى، لايىق خېرىدار چىقمىغاچقا، يەنە ھېلىقى دۇكاندارنىڭ ئالدىغا باردى. سودىگەر ئەزىمەتنى ئىسسىق چىراي كۈتۈۋېلىپ، تاش كېيىمنىڭ مىڭ تەڭگە پۇلىنى تۆلىگەندىن كېيىن:

—بۇكېيىمنى كىم تىككەنلىكىنى بىلەم سىز؟،—دەپ سورىدى، ئەزىمەت ئايالىنىڭ نەسىھەتىنى ئۇنتۇپ:

—مېنىڭ ئايالىم دىلدار تىككەن،—دېدى مەغرۇرلىنىپ.

—ھازىر قەيەردە ئولتۇرۇۋاتىسىلەر؟

—پالان سايدىكى لەڭگەردە.

—لەڭگەردە؟، بۇنىمە دېگەن ئەخمەقلىق، لەڭگەردە ئولتۇرۇپ جان بازارغا كىرەمدۇ، قايتىپ كېلىڭلار، ماۋۇ دۇكاننى سىلەرگە بېرەي، خاتۇنىڭىز كىيىم تىكسۇن، مەن سېتىۋېلىپ پۇل قىلىپ بېرەي، ھەر ئىككىمىز تەڭ بەھرىمەن بولايلى، قانداق؟...

ئەزىمەت دۇكانچىنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆردى ۋە يەنە 3 كۈندىن كېيىن كۆچۈپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپ قايتتى.

ئەزىمەت ئادەتتىكىدىن كەچرەك قالدى. دىلدار تەشۋىشلىنىپ ئەزىمەتنىڭ يولىغا قارىدى.

بىرچاغدا ئەزىمەت لەڭگەرگە قايتىپ كەلدى.

دىلدار ئېرىدىن ھاردۇق سوراپ:

—كەچ قالدىڭىز، نېمە ھادىسىگە يولۇقتىڭىز، سۆزلەپ بېرىڭ،—دېدى. ئەزىمەت بولغان گەپ-سۆزلەرنى خاتۇنىغا ئېيتىپ بەردى.

دىلدار ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

—ھەي، يامان قىلىپسىز، مەن سىزگە شۇنچە گەپ قىلساممۇ قۇلىقىڭىزدا تۇتماپسىز. ئەمدى بۇيەردە تۇرۇش خەۋپلىك، بولۇپمۇ سىزگە خەۋپ يېتىشى مۇمكىن،—دېدى.

—نېمىشقا بۇنداق ئەنسىرەيسىز؟ قارىسىچە دۇكانچىدىن سىز-بىزگە ھېچقانداق زەرەر يەتمەيدىغاندەك ئەمەسقۇ؟،—دەپ تەسەللى قىلدى ئەزىمەت. لېكىن دىلدار بەك ئەندىشىلىك بولدى، ئۇ ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇرۇپ، خوجۇنغا قاچىلاپ، ئەزىمەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي يولغا چىقتى.

ئۇلار يېرىم يولغا كەلگەندە ھېلىقى دۇ-كاندار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ دىلدار بىلەن ئەزىمەتنى بىر مەيكە ئولتۇغۇزۇپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. شەھەرگە كى-رىپلا ئۇلارنى ئۆز ئۆيىگە چۈشۈردى.

دىلدار، دۇكاننىڭ كۇساساقىلى يوقلىقى، كۆزلىرىدىن قاندىقتۇ شۈملۈقنىڭ ئالامىتى چىقىپ تۇرىدىغانلىقىغا قاراپ، ئەزىمەتكە: «بۇ ئادەمدىن سىز-بىزگە خەۋپ يەتسە يېتىدۇكى — ھەرگىز مۇ ۋاپا كەلمەيدۇ، شۇڭا ھوشيار راق بولۇڭ» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

كەچتە دۇكاندار زىياپەت تەييارلىغىنى پۇختا قىلىپ، كاۋاپ-شاراپلارنى تەييارلاپ، ئەزىمەت بىلەن دىلدارنى تەكلىپ قىلدى.


دىلدار ھەدەپ يولدىشى ئەزىمەتكە ئى-شارەت قىلىپ، ئىلاجى بار ئىچمەسلىك، ئىچكەندىمۇ ئاز ئىچىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئەمما ئەزىمەت بىخەستىلىك بىلەن ئىچىشكە تۇتۇندى. دۇكاندار مۇقەددەككە ئار قا-ئارقىدىن شاراپ قۇيۇپ، ئەزىمەتكە ئىچكۈزدى. ئاخىرى ئەزىمەتنى بىھوش قىلىپ يىقىتتى.

ئەزىمەتنىڭ مەس بولۇپ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن دۇكاندار قولىغا خەنجەر ئې-لىپ ئەزىمەتنى ئۆلتۈرمەككە راسلاندى...

تۇتى ھېكايىسىنى سۆزلەپ مۇشۇيەرگە كەلگەندە خەجەستىگە:

— ئەي ئەجەستە، كۆردىڭىز مۇ؟ ئەزىمەت خا-تۇنى دىلدارنىڭ نەسىھەتىنى قۇلىقىدا تۇت-ماي، ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلغاچقا، دۇ-كاندارنىڭ قەستىگە ئۇچراپ ئۆلگىلى تاس قالدى. ئەمما دىلدار ئۆزۋاقتىدا خەتەر نىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئېرىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالدى. سىزمۇ يولدىشىڭىز مايمۇنە ئۈچۈن خۇددى دىلداردەك ۋاپادارلىق كۆر-سەتكەيسىز، مېنىڭ بۇگۈن سۆزلەيدىغان ھې-كايەم مۇشۇنچىلىك، بۇگۈن دەرھال بېرىپ مەھ-بۇبىڭىز بىلەن ئۇچرىشىڭ، لېكىن يولدىشى-ڭىزغا بولغان ۋاپادارلىقنى ئۇنتۇپ قال-ماڭ، — دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى.

بۇچاغدا تاڭ ئېتىشقا ئازلا قالغان ئىدى. ئالەم يورۇپ قالاي دېگەچكە، خەجەستە بۇگې-نىچىمۇ ئۆيەرگە بارالمىدى.



# يىگىرمە سەككىزىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

خەجەستە ئادىتى بويىچە ياسىنىپ-تا رىنىپ تۇتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ رۇخسەت تەلەپ قىلدى. تۇتى ئۇنىڭ تەلىۋىگە يارىشا تە-سەللى قىلغاندىن كېيىن:

— بىرىڭ، ئەمما قولىدىن ئىش كەلمەيدى-غان ھېلىقى سولەت كىشىنىڭكىدەك ھالەت يۈز بەرمەسلىكىگە دىققەت قىلىڭ، — دېدى.

خەجەستە تۇتىنىڭ سۆزىگە چۈشۈنەلمەي، سولەت كىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرىشنى سورىدى. تۇتى مەقۇل بولدى ۋە بۇ ئاخشا-منىڭ ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

...كالان ئىسىملىك سولەت كىشى بار ئىدى، ئۇ دائىم ئۆزىنى ياساپ-جابدۇشقا ئامراق ئىدى، ئەمما قولىدىن ئىش كەلمەيتتى، ئۇ-ھاراق-شاراپ دېسە جېنىنى بەرگىدەك بو-لاتتى.

بىركۈنى بۇ سولەت كىشى شاراپنى بولدى دېگىچە ئىچىپ، مەس بولۇپ قالدى. خۇدىنى يوقاتقانلىقتىن شاراپ كۆزىسىغا يىقىلىپ يۈز-كۆزلىرى ۋە بەدەنلىرى قاتتىق زەخمە-لەندى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، يارىلىرى سا-

قايغان بولسىمۇ، ئۇرغۇتلىمغان تاتۇق ئىزلىرى قېپقالدى. باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر بۇ تاتۇقنى كورۇپ: «بۇكىشى جەڭمەيدانلىرىدا ئالاھىدە كۈچچىقارغۇچى دىلاۋەرگە ئوخشايدۇ، بولمىسا بۇنچە كوپ تاتۇق نىمەقىلسۇن؟ دەپ خىيال قىلىشاتتى.

باشقا شەھەرنىڭشاھىغا بۇ مىش-مىش پاراڭلار ئاڭلاندى، ھېلىقى سولەتۋاز (تاتۇق) كىشىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇزىگە لەشكەر بېشى قىلىۋالدى.

كۈنلەر ئوتتى. بىرشەھەرگە ئۇرۇش يېغىلىغى كەلدى. پادىشا ھېلىقىسولەتۋازنى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا بۇيرىدى، ئەمما ئۇ ئۇرۇشخەۋىرىنى ئاڭلاپ قورقىنىدىنكېسەل بولۇپ يېتىۋالدى. ئۇرنىغا باشقا كىشى تەيىنلەندى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا سولەتۋاز ئۇرنىدىن قوپتى. پادىشا:

— مەنسېنى كۈشتۈڭگەرپالۋانغا، قولىدىن ئىش كېلىدىغان باتۇرغا ئوخشايدۇ، دەپئويلىدۇم- ئۇممت كۈتتۈم. ئەمما سەن، مېنىڭ ئويۇمنىڭ ئەكسىچە بولۇپچىقتىڭ، قىياپىتىڭدىن قارىغاندا، شاراپئىچىپ مەس بولغاندا ئۇرۇشكورمەي پالۋان بولىدىغان، ئوزسايىسىنى ئۇرۇپ يېقىتىدىغان «باھادىر» ئىكەنسەن؟،-دىدى ۋە ئۇنى دەرھال ئىشتىن بوشاتتى...

توتى ھىكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ:

— ئەيخەجەستە، سولەتۋازنىڭئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولدىڭىز، ھەممە ئىشنىڭئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلانماي قالمايدىغانلىغى سىزگە مەلۇم بولدى، بۇنى ئۇنتۇماڭ، قېنى چاپسانراق مەھبۇبىڭىز ئالدىغا بېرىڭ،-دىدى.

بۇھىكايە تاماملانغاندا ئالەم بورىدى، خەجەستە بارالمىدى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى ئاخشامنىڭ ھىكايىسى

—شىر سولەيسۇننىڭ بالىسىنى باقىنى بىلەن، ئۇ ھەرگىز شىردەك باتۇر بولالماي ئەكسىچە قورقۇنچاق بولىدۇ،-دەپ سوز باشلىدى توتى. خەجەستە بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتنى ئاڭلاشقا قىزىقتى. توتى بۇ ئاخشامنىڭ ھىكايىسىنى باشلىدى:

—شىر ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەنكۈنلىرىنىڭ بىرىدە سولەيسۇننىڭ بالىسىنى ئۇچراتتى. ئۇنى ئوز ئويىگە ئېلىپ كېلىپ چىشىسىغا:

— مەن بۇنى سېنىڭ يېيىشىڭ ئۇچۇن ئېلىپ كەلدىم، دىدى. چىشى شىرنىڭ سولەيسۇن بالىسىنى يېيىشكە كوزى قىيمىدى. ئەركەك جىنسلارنىڭ يۈرىگى قاتتىق بولغىنى بىلەن چىشى جىنسلارنىڭ دىلى يۇمشاق كېلىدۇ، شۇڭا چىشى شىر ئەركىگە قاراپ:

— مەن بۇ سولەيسۇن بالىسىنى يىمەيمەن، ئۇنى يىگەن بىلەن بىرۋاخلىق ئوزۇق بولالمايدۇ، مېنىڭچە بۇنى بالىلىرىمىزغا قېتىۋەتسەك، ئەجەپ ئەمەسكى قاتاردا چوڭيۇپ ئوز ئارا مەدەت بولۇشسا؟،- دىدى.

ئەركەك شىرچىشىسىنىڭ پىكرىگە ماقۇل بولدى. سولەيسۇن بالىسى شىربالىلىرى بىلەن بىللە تەربىيەت كورۇپ، بىللە ئوينىشىپ چوڭ بولدى.

بىركۈنىشىر بالىلىرى بىلەن سولەيسۇن بالىسى جاڭگاللدا يۈرەر ئىدى، ئالدىغا بىر پىل ئۇچراشتى. شىرنىڭبالىلىرى پىلغا قاراپ- غەزەپ بىلەن ئېتىلدى، سولەيسۇن بالىسى بولسا، قۇيرىغىنى ئىچىگە تىققىنىچە ئارقىسىغا قارىماي قاچتى. شىر بالىلىرى قارايدۇكى ھەمرايى سولەيسۇن ئولەتىرىلىشىگە باقماي قېچىپ كېتىۋېتىپتۇ، شىر بالىلىرىمۇ سولەيسۇن بالىسىنىڭخۇيىنى ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى.

يىراقتا بۇ ئەھۋالنى كوزىتىپ تۇرغان چىشى شىر ناھايىتى خاپا بولدى. ئېيتىشىچە:«شۇنچە تەربىيەت قىلغىنىم بىلەن

سۇلەيسۇندىن شىر چىقمىدى. ئەكسىچە سۇ-
لەيسۇننىڭ تەبىئىتى بالىلىرىمغا يۇقۇپ
ئۇلارنى جەڭگىۋارلىقتىن يىراقلاشتۇردى.»
چىشى شىر بالىلىرىنى ۋە سۇلەيسۇننى
ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ، مۇنداق دېدى:
— ئەي قورقۇنچاق، ئەينى چاغدا مەن
سېنى يېيىشتىن ۋاز كەچكەندە، تەربىيەت
قوبۇل قىلسا، باتۇرلۇقنى ئۆگىنىشى ئەجەپ
ئەمەسكى بالىلىرىمغا مەدىتى يەتكەي دەپ
ئويلىغان ئىدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈندە
سەندىن مەدەت ئەمەس، بەلكى بۇلارغىمۇ
ئىللىتىڭ يۇقۇملۇق باشلىدى، سەن نامەرت،
قورقاق، ئىكەنسەن. بار جېنىڭنى ساقلا،
قېشىمغا كەلمە، ئەگەر يەنە كۆرۈپ قالسام،
سېنى ئامان قويماسمەن!
تۇتى ھېكايىسىنى تاماملىدى. ئۇ خە-
جەستىگە «مەن سىزگە ئىبرەتلىك ھېكايە-
لىرىم ئارقىلىق مەسلىھەت كۆرسەتتىم، قال-
غىنىنى ئۆزىڭىز ئويلاپ ئىش قىلىڭ»، — دېدى.
كېچە يورۇشقا باشلىدى. خەجەستە بۇ
ئاخشاممۇ مەنزىلگە بارالمىدى.

## ئوتتۇزىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

خەجەستە بۈگۈن ئاخشاممۇ تۇتىنىڭ ئالدى-
غا كەلدى، ئۇ ئېغىز ئاچاي دېگىچە تۇتى سۆز
باشلىدى:
— ئەي خەجەستە سىزنىڭ ھالىڭىز ماڭا مە-
لۇمدۇر، بۈگۈن ئاخشام مەنزىلىڭىزگە بارسى-
ڭىزمۇ بولىدۇ، ئەمما ئويلاپ كۆرۈڭ: ئۇ يىگىت
سىزگە راست ئاشىنامۇ ياكى ئۇنىڭ ئاشىنالىقى
دېھقاننىڭ يېڭىگە كىرىۋالغان يىلاننىڭ پەي-
لىدەكمۇ، ئېھتىيات قىلىڭ!
— ئاجايىپ سۆزلىدىڭ، دېھقاننىڭ يېڭىگە
يىلان قانداق كىرىۋالغان ئىكەن؟ — دېدى
خەجەستە.
تۇتى خەجەستىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ تەر-
قىسسەدە بۇ ئاخشامنىڭ ھېكايىسىنى مۇنداق
باشلىدى:
...دېھقان سەھرادا كېتىپ باراتتى. ناگاھ
بىر يىلان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەرز قىلدى:
— ئەي كىشى، ماڭا بىر پانا كۆرسەتكىن،
ئارقامدىن بىر ئادەم قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ
مېنى كالتەكلەپ ئۆلتۈرمەكچى...
دېھقاننىڭ يىلانغا رەھمى كەلدى، يىلاننى
يېڭى ئىچىگە يوشۇردى. ئازتۇتەي قولىغا
كالتەك ئالغان بىر كىشى كەلدى ۋە:
— بۇ يەردىن ئۆتكەن يىلاننى كۆردىڭىزمۇ،
ئۇ ئالدىمدىن قېچىپ كەتكەن ئىدى؟ — دەپ سو-
رىدى. دېھقان كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇ
كىشىنى كەتكۈزدى. شۇندىن كېيىن دېھقان
يىلانغا:
— ئەمدى خاۋاتىر قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، سې-
نى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشىنى ئالداپ كەت-
كۈزۈۋەتتىم، قېنى، يېڭىمدىن چۈشۈپ يولۇڭغا
ماڭ، — دېدى.
— خام خىيال قىلىۋاتىسەن، — دېدى يىلان
ۋىشىلداپ، — ھەممەڭ ئوخشاش ئادەمزاتى-
دىن، ئۇ ھازىر ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسا،
سەن ئەتە ئۆلتۈرگىلى تەييارلانماي قالار-
سەنمۇ؟ دېمەك سەنمۇ مېنىڭ دۈشمىنىم. مەن
سېنى چېقىپ ئۆلتۈرگەيمەن، ئاندىن
كېتىمەن!»...
— مەن ساڭا ياخشىلىق قىلدىم ئەمەسمۇ، —
دېدى دېھقان ھەيران بولۇپ.
— سەن ئەخمەقلىقىڭدىن شۇنداق قىلدىڭ.
— ياخشىلىققا يامانلىقمۇ؟ يېڭىمنىڭ ئىچىدە
پاناھلىق جاي بەرگەنلىكىم ئەخمەقلىقىممۇ؟
دېھقاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان يىلان تەكەب-
بۇرلۇق بىلەن دېدى:
— بىلىپ قوي، ياخشىلار ئېيتىپتۇركى: «ئاقى-
ۋىتىنى ئويلىماي يېنىكلىك-ئالدىراڭغۇلۇق
قىلماق خەتەردۇر». سەن بۇ گەپتىن بىخەۋەر
ئىكەنسەن، شۇڭا ئويلىماي ئىش قىلدىڭ، مەن
سېنى چاقسام خەلقى-ئالەم «ئۇنىڭ تەبىئىتى

شۇنداق»، دەپ مېنى ئېيىپ ئەتمەيدۇ. ئەكسىچەسىنى «يىلاننى يەڭ ئىچىگە يوشۇرغان ئەخمەق» دەپ ئېيىپ ئەتكەي...

دېخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئويلىماي قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان يېدى. ئەمما ناھەقتىن-ناھەق ئۆلۈپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماي تەدبىر بىلەن ھىلە قىلماقچى بولدى. ئۇ:

— ئېيتقانلىرىڭ ئېھتىمال توغرىدۇر، ئەمما، ھەممە يىلانلار ئۆز جېنىغا ئاراتۇرغان ئادەم نەسلىنى چېقىپ، ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرمايدۇ دەپ ئىشىنىمەن، بولمىسا ئاۋۇ يەردە بىر يىلان كېلىۋاتىدۇ، شۇنىڭدىن سوراپ باقايلى، ئەگەر ئۇمۇ مېنىڭ ئىشلىرىمنى «نادانلىق-ئەخمەقلىق» دېسە، ئەلھوكمىلىللا، ئۇنداق دېمىسە كېچەش بىلەن ئىش قىلايلى، — دېدى.

بۇ سۆزنى راست بىلگەن يىلان دېخاننىڭ يېڭىدىن يەرگە چۈشتى. دېخان پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىپ، يەردىن بىر تاشنى ئېلىپلا ھېلىقى يىلاننىڭ بېشىغا ئاتتى. يىلاننىڭ بېشى مىجىلىپ ئۆلدى...

تۇتى ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ خەجەستىگە:

— دېخان بىلەن يىلاننىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سىزگە سۆزلەپ بەردىم. ئويلاپ كۆرۈپ، ئەقىل بىلەن يول تۇتۇڭ. دېخان ئاقىۋىتىنى ئويلىماي يىلاننى يېڭىگە يوشۇرغاچقا، ئۆز جېنىغا زامىن بولغىلى تاس قالدى، — دەپ، ئىما-ئىشارەتلەر بىلەن سۆزىنى تۈگەتتى.

خەجەستە ئاسمانغا قارىسا چولپان تۇغاي دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئاخشاممۇ مەھبۇبىنىڭ ئالدىغا بارالمىدى.

## ئوتتۇز ئىككىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

بۇ ئاخشام خەجەستە ئادىتى بويىچە تۇتىدىن رۇخسەت سوراپ كەلدى.

— ئەي خەجەستە، — دېدى تۇتى، — سەل تەخىر قىلماڭ. مەن سىزگە كىچىككىنە جانىۋارلارنىڭ بىرلىشىپ، چوپ-چوڭ پىلنى ھالاك قىلغىنى توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي، بۇنىڭدىن ئېقىل تاپسىڭىز ئەجەپ ئەمەس.

خەجەستە تۇتىنىڭ تەكلىۋىگە ماقۇل بولۇپ قۇلاق سالدى. تۇتى بۇ ئاخشامنىڭ ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

...بۇرۇن بىر قومچاق (پاقا)، بىر ھەرە، بىر ئۇزۇن تۇمشۇق قۇش ئىتتىپاق قىلىشىپ چوڭ پىلنى ھالاك قىلغان. بۇ ئىش مۇنداق بولغان:

كاتتا بىر دەرەختە قۇچقاچ ئۇۋا قويغان ئىدى. ئەمما بۇ جاڭگاللىدا بىر پىل بولۇپ ناھايەت سەمرىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇچىسى قىچىشىپ، ھەمىشە بۇ دەرەخكە ئۆزىنى سۈۋار ئىدى.

بىر كۈنى پىل دەرەخكە دۈمبىسىنى سۈۋىدى، دەرەخ ئۈستىدىكى چاڭگىدىن قۇچقاچنىڭ بىرتال تۇخۇمى يەرگە چۈشۈپ سىنىپ كەتتى. بۇ ھالغا تاقەت قىلالمىغان قۇچقاچ زار-زار يىغلاپ، ئۇزۇن تۇمشۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ داتلاندى — ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

ئۇزۇن تۇمشۇقنىڭ قۇچقاچقا رەھمىسى كەلگەن بولسىمۇ، يالغۇز ئۆزىنىڭ پىلغا كۈچى يەتمەسلىكىدىن ئاغىنىسى ھەرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى ۋە:

— ئەي ھەرە دوستۇم، پىل قۇچقاچقا زىيانكەشلىك قىلىپتۇ. پىلان كورسەتسەڭكى، بىرلىشىپ پىلدىن قۇچقاچنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەرسەك؟، — دېدى.

— بۇ ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس، پىل بىزدىن يوغاندۇر، — دېدى ھەرە، — بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن پاشىنىڭ قېشىغا بېرىپ مەسلىھەت ئالايلى، چۈنكى ئۇ سەزگۈردۇر.

ئۇلار پاشىنىڭ قېشىغا كەلدى. پاشا ئېيتتىكى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ ئىشقا قومچاقنى داخىل قىلىسا قىلا يىلىنىڭ ئەدۇۋىنى بەرمەك تەس ئەمەس. مۇنداق بولسۇن، ھەممىمىز ئۆز دىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتەيلى: مەن ھەرە بىلەن بىرىپ يىلاننىڭ كۆز ۋە قۇلاقلىرىغا يامىشىپ، چېقىپ بىئارام قىلاي، يىلى، ئۇ قولىغىنى گۈپشۈپ كوزىنى ئاچالماي قالغاندا، ئۇزۇن تۇمشۇق بېرىپ ئۇنىڭ كوزىنى چوقۇپ قارغۇ قىلسۇن. قارغۇ يىل ماڭالماي تەشنالىقتا چوككىدە بولسا، قومچاق (پاقا) كۆكىراپ سايرىسۇن، ئۇسسۇز قالغان يىل قومچاق كۆكىرىگان تەرەپكە سۇ ئىزدەپ بارىدۇ-دە، پاتقاققا پېتىپ ھالاك بولىدۇ، مۇشۇنداق قىلساق بۇرادىرىمىز قۇچقاچنىڭ قىساسىنى ئالالايمىز.

بۇ مەسلىھەت ھەممىگە يارىغان ماقۇل كەلدى. ھەممە ئىش كېلىشىۋالغان يىلان بويىچە ئىجرا قىلىپ بېرىلدى. مانا شۇنداق قىلىپ چوڭ يىلنى كىچىك جانىۋارلار ھالاك ئېتىپ قۇچقاچنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى....

تۇتى ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ خەجەستىگە:

— ئەي خەجەستە، قۇچقاچ، پاشىنىڭ مەسلىھەتىگە كىرىۋىدى — مەقسىدىگە يەتتى. مەن سىزگە مەسلىھەت كورسەتتىم، قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىڭ، — دېدى.

كېچە يورىدى. خەجەستە بۇ ئاخشامۇ بارالمىدى.

# ئوتتۇز ئۈچىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

خەجەستە جابدۇنۇپ تۇتىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە رۇخسەت سورىدى.

— بېرىڭ، — دېدى تۇتى، — ئەمما تەخىر قىلىڭ. مەن سىزگە پەغپۇرچىن بىلەن رۇم شاھى ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بېرەي، چۈنكى ئۇقۇشماسلىق تۇغۇلسا ياخشى ئەمەس...

— بوپتۇ، — دېدى خەجەستە، — تەخىر قىلاي، قېنى سۆزلە، ئۇ قانداق بولغان ھادىسە؟...

تۇتى بۇ ئاخشامنىڭ ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

— پەغپۇرچىن رۇم شاھىنىڭ قىزىغا غايىۋانە ئاشىق بولۇپ قالدى، — دېدى تۇتى، — پەغپۇرچىن ئۇخلاپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ قول ۋەزىرى ئۇنى ئويغاتتى. پادىشا قولىغا قېلىچ ئېلىپ ۋەزىرنى قوغلاشقا باشلىدى، ۋەزىر قاچتى. شاھ:

— توختۇڭلار! — دەپ ۋاقىراپ ئەمر قىلدى. پادىشانىڭ ئەكابىر-ئەشرەپلىرى شاھقا تەسەللى قىلىپ ۋاقەنى سورىدى. پادىشا مۇنداق دېدى:

— مەن شىرىن بىر چۈش كورۇپ ياتاتتىم. چۈشۈمدە، دۇنيا ئىقلىمىدا يوق گۈزەل بىر قىز كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ سۆيەتتى. ۋەزىر كېلىپ مېنى ئويغىتىپ ئەشۇ چۈشۈمنىڭ كەيپىنى بۇزدى.

پەغپۇرچىن شۇنىڭدىن كېيىن خىيالچان بولۇپ، خامۇشلۇققا پاتتى.

پەغپۇرچىننىڭ سۈرەت سىزىدىغان بىر كامىل خىزمەتكارى بار ئىدى. ئۇ، شاھنىڭ سوزلەپ بەرگەن تەسۋىرى بويىچە ھېلىقى قىزنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ شاھقا بەردى. شاھ سۈرەتنى كورۇپ «چۈشۈمدىكى قىزنىڭ بەئەينى ئۆزى شۇ» دېدى.

بۇ كۈنلەردە پەغپۇرچىنغا باشقا ئەللەردىن سودىگەر كەلسە پادىشا ھېلىقى سۈرەتنى كورسىتىپ:

— سىلەر مۇشۇ سۈرەتتىكى قىزنى كورگەنمۇ؟ ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ تەپتىش قىلاتتى.

بىر كۈنى بىر ساياھەتچى پەغپۇرچىننىڭ مەملىكىتىگە كېلىپ پادىشاغا كورۇنۇش قىلدى. پادىشا ھېلىقى سۈرەتنى كورسىتىپ قىز توغ-

رىسىمدا سورىدى، سايا ھاتچى سۈرەتنى كورۈپ:

— بۇ سۈرەتتىكى قىز رۇم شاھىنىڭ قىزىدۇر، مەن ئۇ قىزنى تونۇيمەن، بالاغەت يېشىغا يەتكەن بولسىمۇ، نىمىشقىدۇ ھەر قانداق ئەرنى خالىمايدۇ، — دەپ مەلۇمات بەردى.

— نىمىشقا ئەر خالىمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەمسىز؟ — دەپ سورىدى شاھ ساياھەتچىدىن.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى ساياھەتچى، — رۇم شاھىنىڭ قىزى بىر چۈش كورۈپتۇ. چۈشىدە: قىز شاھانە باغدا ئولتۇرار ئىكەن، تۇساتتىن باققا ئوت كېتىپتۇ، باغدىكى بىر توپ كاتتا دەرەخنىڭ ئۈستىگە بىر جۈپ قۇش ئۇۋا ياسىغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇۋىدا تۇخۇمى بار ئىكەن. يالقۇنلىغان ئوت بارا-بارا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى بار دەرەخكە يامىشىپتۇ. ئەركەك قۇش ئوتتىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. چىشى قۇش تۇخۇمىنى دەپ ئوتتا كويۇپ ھالاك بولۇپتۇ... رۇم شاھىنىڭ قىزى بۇ چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندىن كېيىن، ئەركەك جىنىسلار مۇشۇنداق بىۋاپا بولىدىغان بولسا، دۇنيادىن تاق ئوتىمەن. ئىككىنچى ئەركەكنىڭ ئېتىنى تىلىمغا ئالماسمەن»، — دەپتۇ...

ساياھەتچىنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان ۋەزىر پەغپۇرچىنغا:

— ئەي شاھ، مېنى رۇم شەھرىگە ئەۋەتسىلە، مەن مەلىكىنى قايىل قىلىپ بۇ ئىشنى توغرىلىسام؟ — دەپ ئىلتىماس قىلدى. شاھ: «بارغىن» دەپ رۇخسەت قىلدى. ۋەزىر سەپەر قىلدى ۋە رۇمغا يېتىپ باردى.

ۋەزىر رۇم شەھرىگە كەلگەندىن كېيىن ئوزىنى سۈرەتچى دەپ ئېلان قىلدى. رۇم شاھىنىڭ مەلىكىسى ئوز خانىسىنىڭ ئىچىگە نەقىشلىك سۈرەت سالدۇرماق بولۇپ ۋەزىرنى چاقىرتتى.

ۋەزىر ئالدى بىلەن ئۇدۇلدىكى تامغا پەغپۇرچىنىنىڭ سۈرىتىنى سىزدى، ئاندىن گۈل-گىيا، جانۋارلار بىلەن تولغان چىرايلىق بىر شەھەرنىڭ سۈرىتىنى ئىشلىدى. بۇ سۈرەتلەر ئىچىدە مەلىكە رۇمىنىڭ چۈشىدە كورگىنىنىڭ ئەكسىچە بىر خىل سۈرەت تىمۇسىزلانغان ئىدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن سۈرەتلەر سىزىلىپ بولدى. مەلىكە رۇم ئۇنى تاماشا قىلغىلى كېلىپ، ۋەزىردىن:

— ئەي سۈرەتچى، بۇ چىرايلىق كىشى كىم؟، بۇ گۈلشەن دىيار قەيەر؟ ماۋۇ سۈرەتنىڭ مەناسى قانداق؟ — دەپ سوراشقا باشلىدى ھەيرانلىقتا.

بۇ چىرايلىق كىشى چىن پەغپۇر شاھىدۇر، مانا بۇ گۈلشەن چىن پەغپۇر مەملىكىتىدۇر، — دەپ سوز باشلىدى سۈرەتچى ۋەزىر، — بۇ سۈرەتنىڭ مەناسى شۇكى، بىر كېچىسى شاھ چۈش كوردى. چۈشىدە ئۇ قەسرى راۋاقتا مەملىكىتىنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىپ، جان-جانۋارلارغا نەزەر سېلىپ ئولتۇرغان ئىدىكى — يۇرتىنىڭ تاغىدىن سەل دەريا ياساپ ئېقىپ كەلدى. شۇ ئەسنادا بىر جۈپ كىيىك يېڭى تۇغۇلغان بالىرىنىڭ قېشىدا تۇراتتى، سەل بېسىپ كەلگىنىنى كورگەن چىشى كىيىك تاشقىن ئالدىدا تاپ كەلتۈرەلمەي ئەركىكى بىلەن بالىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. كىيىك بالىرى ئەركىكىنىڭ ئالدىدا قالدى ۋە سەل ئېقىتىپ ئولدى. بۇ چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغان پەغپۇرچىن شاھى: «چىشى جىنىسلىقلار مۇشۇنداق بىرەھىم بولىدىغان بولسا، ھەرگىزمۇ خوتۇن نامىنى تىلغا ئالمىغايمەن!» دەپ ۋەدە قىلدى، شۇندىن بېرى شاھ يىگانە-تاق ياشايدۇ. بۇ سۈرەت — دەل پەغپۇرچىن شاھىنىڭ چۈشىدە كورگەنلىرىدۇر... —

مەلىكە رۇم سۈرەتكە قاراپ سۈكۈت ئىچىدە ھەيرانلىقتا چوكتى ۋە ئېيتتى:

— ئەي سۈرەتچى، ئاجايىپ سوزلەرنى قىلدىڭ، پەغپۇرچىن شاھىنىڭ چۈشىدە كور-

www.uyghurkitap.com



گەنلىرى مەن كۆرگەن چۈشىنىڭ ئەكسى ئىكەن، مەن ئەركەك چىمىلىقلارنىڭ بىرەھىملىگىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ بولسا چىشى چىمىلىقلارنىڭ بىرەھىملىگىنى كۆرۈپتۇ. ئەگەر پەيغۇرچىنىڭ ھېلىھەم ئايلى بولمىسا مەن ئۆزەمنى خوتۇنلۇققا لايىق كۆردۈم.

ۋەزىر خۇشال بولۇپ ئەھۋالدىن دەرھال نامە يوللىدى. كۆپ ئۆتمەي توي-ئىنكاھ ئىشلىرى تامام بولدى...

توتى ھېكايىسىنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇردى ۋە:

— پەيغۇرچىنىڭ ۋەزىرى ئۆز شاھىغا زىرەكلىك بىلەن خىزمەت قىلدى، ھەر ئىشتا زىرەكلىك لازىمدۇر. ئەي خەجەستە، بىرىلىك، دەرھال مەھبۇبىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىڭ، — دېدى.

خەجەستە تاڭ ئېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئاخشاممۇ بارمايدىغان بولدى.

## ئوتتۇز تۆتىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

كەچ بولدى. خەجەستە بىر-بىر بېسىپ توتىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— ئەي توتى، مېنىڭ كۆڭلۈم خۇددى ئابدىلمەزىز خەلىفىنىڭ ھاياتىدەك ئۇتۇۋاتىدۇ، ئۇ: «خۇدايى تەئالانىڭ ئىبادىتىدىن قالمىغانمىكەن» دەپ كېچىسى ئۇخلىماس ئىدى: «پۇقرالىرىمنىڭ داد-ئەھۋالىنى سورالماي قالارمەنمىكەن» دەپ كۈندۈزى ئۇخلىماس ئىدى. مانا، مەن كېچىدە كەلسەم ھېكايە سۆزلەپ تاڭنى ئاتقۇزىسەن-مەنزىلىمگە بارالمايمەن. كۈندۈزى بارايدىسەم خەلقى-ئالەمنىڭ تاپاتەنىسىدىن ئۈيۈلمەن-ھەم بارالمايمەن. رۇخسەت قىلساڭ بۈگۈن ئاخشام مەھبۇبەمنىڭ قېشىغا بارسام؟ — دېدى.

توتى:

— مېنىڭچە بولغاندىمۇ تېزرەك بارسىڭىز ئوبدان بولۇر ئىدى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە تەدبىر، مەسلىھەت كۆرسىتىشىدىكى مەقسەت قۇلان بىلەن ئېشەكنىڭ ئېھتىياتسىزلىق تۈپەيلىدىن رىيازەتچەككىنىگە ئوخشاش كۈنگە قالمىسۇن دېگەندىنلا ئىبارەت، — دېدى.

— ئۇ قانداق بولغان ھادىسە؟ — دەپ سورىدى خەجەستە.

— خالىسىڭىز قۇلان بىلەن ئېشەك توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي، — دېدى توتى ۋە بۇ ئاخشامنىڭ ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

... ئېشەك بىلەن قۇلان يېقىن ئاشنىلاردىن ئىدى. بىر كېچىسى ئۇلار دېخاننىڭ بېدىلىكىگە كىرىپ بېدىنى راسا تويغىچە يېدى. ئاندىن بېدىلىكتە يېتىپ ئېغىناشتى. بىرچاغدا ئېشەك قۇلانغا:

— بۈگۈن ھاۋا بەك سالقىن، ئاسمان شۇنچە سۈزۈك. قوساقمۇ باشقىچە توق. خالىساڭ «توقلۇققا شوخلۇق» قىلىپ ياخشى مۇقامدىن بىرنى توۋلاپ بېرەي، — دېدى.

قۇلان ئېيتتى:

— ئەي ئېشەك، بۇنىمە دېگىنىڭ، دۇنيادا سېنىڭ ئاۋازىڭدەك قوپال، مۇقامسىز ئاۋاز ھېچيەردە بولماس. ئېشەكنىڭ ئېشەكلىگىنى قىلغىنى ياخشىراقتۇر، مۇقام دېگەن ئالاھىدە مۇڭدۇر، سەندە مۇڭ دېگەن نىمە قىلسۇن، ئېشەكلىك بولەك، نەغمىكەشلىك بولەك ئىش ئەمەسمۇ؟. قۇلان ئېشەكنى قايىل قىلالماقچى بولۇپ يەنە سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى:

— دوستۇم، سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ خۇددى ھاراق ساتقۇچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرىپ تولۇپ قالغان مەس ئوغرىلارنىڭ پاجەسىدىن قېلىشمايدۇ،...

— مەس ئوغرىلارغا نىمە بوپتىكەن؟ — دېدى ئېشەك رەنجىپ.

4 ئوغرى بىركۈنى كېچىسى، — دەپ سۆز باشلىدى قۇلان، — ھاراق ساتقۇچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىق قىلغىلى كىرىپتۇ. ئۇلار ئۆي ئىچىدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ

بولۇپ، قارىسا بىر كۆزىدە، ھاراق تۇرغىدەك ئوغرىلارنىڭ راسا قېنىپ ئىچمىشكۈسى كېلىپتۇ. ئىچمىشىپتۇ. مەسمۇ بولۇشۇپتۇ. ئۇلار مەسلىكىدە چاقچاقلىشىپ، كەيىندىن جىدەللىشىپ، «ئاللا-تۇۋا» كۆتۈرۈپ مەھەللىنى بېشىغا كىيىپتۇ. ھاراقكەش غەلۋىدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ-دە، خولۇم-خوشنىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. كىشىلەر كىرىپ ئوغرىلارنى تۇتۇپ قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ...

قولان ھېكايە سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن:

— بۇرادىرىم ئېشەك. ئەگەر سەن مۇقام توۋلايمەن دەپ بىرلا ھاڭرايدىغان بولساڭ ھالىمىز نېمە بولىدۇ؟ — دەپ نەسىھەت قىلدى. ئېشەك قاتتىق خاپا بولغان ھالدا:

— قويە ئۇنداق گەپىڭنى، مەن شەھەردە چوڭ بولغان، شەھەر ئەھلىدۇرمەن. سەن بولساڭ سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، شۇڭا قورقاقدۇرسەن. نەغمە-ناۋا، مۇقام توۋلاش دېگەنلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن. تىڭشاپ تۇر، مەن كىشىلەرنى يىغلاتقۇدەك ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىمنى ساڭا ئىسپات قىلىپ بېرەي، — دېدى-دە ياڭراق، بوم ئاۋازدا ھاڭراشقا باشلىدى. دېخان ئۆزىنىڭ بىدىلىگىدە ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى ئاڭلاپ ئۆيىدىن چىقتى ۋە ئېشەك بىلەن قولاننى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق دۇمبالىدى. ئاندىن دەرەخكە ئېسىپ قويدى...

تۇتى ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ خەجەستىگە:

— ئەي خەجەستە، ئېشەك قولاننىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدى، ھاڭراشقىلا خۇشتار بولۇپ، ئاقىۋەت بىلەن ھېساپلاشمىغۇچىلارنىڭ ھالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردىم. قالغىنىنى ئۆزىڭىز چاغلاڭ، — دېدى.

خەجەستە قارىسا تاڭ يورۇپ قاپتۇ، ئۇ بۈگۈنمۇ بارالمىدى.

# ئوتتۇزبەشىنچى ئاخشامنىڭ ھېكايىسى

خەجەستە بۇ ئاخشام تۇتىنىڭ قېشىغا مەيۈس ھالدا كېلىپ، رەنجىپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى. ئۇ:

— ئەي تۇتى، مەن ساڭا تۇز بەردىم، پەقەت بەرگەن تۇزۇم ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ماڭا رۇخسەت بېرىشىڭ كېرەك ئىدى، ماڭا رەھىم قىلىپ، ئىشىمغا ياردەم قىلغىن، سۆزۈمگە نېمە دەيسەن؟ دەپ يالۋۇردى.

— مەن، — دېدى تۇتى، — سىزگە ھەر ئاخشىمى ياردەم قولۇمنى سۇنۇۋاتىمەن، ئەقىل ئۆگىتىۋاتىمەن، ئەگەر ئىشىڭىزغا ياردەم تەلەپ قىلىدىغىنىڭىز راست بولسا، رۇم شاھىنىڭ قىزى قەيسەرلىك بىلەن ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ئېرى شاھقا بىلدۈرگىنىدەك يول تۇتۇڭ، بۇنى ھەرگىز ئۇنۇتماڭ...

— بۇ ۋاقەنىڭ ئوتتۇرىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن؟ — دېدى خەجەستە. تۇتى بۇ ئاخشامنىڭ ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

... ئۆتكەن زاماندا مەلۇم شەھەرنىڭ پادىشاھى بولۇپ ۋەزىرلىرى ئۇ شاھقا رۇمنىڭ مەلىكىسىنى لايىق كۆردى.

شاھمۇ ماقۇل بولۇپ رۇم مەملىكىتىگە ئەلچى كىرگۈزدى.

رۇم شاھىنىڭ قىزى گۈزەللىكتە يېگانە ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەلچىلەرگە ناخۇش مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى قۇرۇق قايتۇردى. ئەلچىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن رۇم شاھىنىڭ ئۆزىنى قوبۇل كۆرمىگەنلىكىدىن ئاغرىنغان شاھ لەشكەرلىرىنى تەخ قىلىپ ئۇرۇش قىلىشقا يۈزلەندى. جەڭدە غالىپ كېلىپ رۇم خەلقىنى ھالاك ئەتتى.

رۇم پادىشاھى ئاجىز كېلىپ يېڭىلگەچكە قىزىنى بېرىدىغان بولدى. بۇ قىزنىڭ ئىلگىرىكى ئېرىدىن بىر ئوغلى بولۇپ، ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، بالا ئانىسىنىڭ قېشىدا ئۆسكەن ئىدى. رۇم شاھى قىزىغا:

—قىزىم، مەغلۇپ بولدۇق، قىسمىتىمىز بويسۇنماقتۇر، شۇڭا، سىزنى ئالىپ شاھقا خاتۇنلۇققا بېرىشكە مەجبۇرمەن، مۇھەببەتلەرنىڭ سۇسلاشماسلىقى ئۈچۈن، بالىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمەيلى، نەۋرەمنى مەن ئېلىپ قالاي، — دېدى.

قىز ماقۇل بولۇپ بالىسىنى قويۇپ، ئۆزى ئېرى بىلەن بىللە كەتتى.

بۇ قىز شاھنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى، ئەمما كۆڭلى ھەردائىم يېرىم، ئىچى پۇشۇق ئىدى — دىلى پەرزەنت داغى بىلەن كۆيەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ خاتۇنىنىڭ كۆڭلىنى كۆتەرمەك ئۈچۈن جاۋاھىردىن تەييارلانغان بىر تاجىنى ئۇنىڭغا بەردى. قىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەرزەنتىنى ئۆز يېنىغا ئالدۇرماقنى خىيال قىلدى ۋە:

—ئىي كېرەملىك شاھىم، جاۋاھىردا بىزەلگەن تاجىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ناھايەت سۆيۈندى، ئىلتىجا قىلايكى، ئاتامنىڭ قېشىدا بالىچىلاپ بېقىۋالغان بىر غۇلام بار ئىدى. ئۇ ئىنتايىن زېرەك بولغاچقا جاۋاھىرلارنىڭ سۈرىتى ھەم خۇسۇسىيەتلىرىنى سۆزلەپ بېرەلەيتتى، مالال كەلمىسە ئاشۇ غۇلامنى ئالدۇرۇپ كەلگەن بولساق؟— دېدى ئېرىگە.

شاھ خاتۇنىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن:

—ئۇنى ئاتىڭىزدىن سوراتساق بېرەمدۇ؟، — دەپ سوئال قويدى.

مەلىكە ئېيتتى:

—ئەگەر بىزنىڭ ئارزۇيىمىزنى ئاڭلىسا دەرھال بېرىدۇ. مەن بىر نامە-نىشانە بېرەي، سودىگەرلەردىن ئەۋەرتەيلى.

ئەتىسى رۇم تەرەپكە بارىدىغان سودىگەرلەرگە نامە بەردى، رۇم شاھى مەقسەتنى چۈشىنىپ، ئەۋرىسىنى ياساپ-جابدۇپ ئانىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. شاھ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ شات بولدى ۋە بۇ بالىنى مەلىكىگە غۇلاملىققا بەردى.

بىر كۈنى پادىشا شىكارغا جابدۇندى. شىكارچىلار ئوردىدىن ئۆزاپ كەتكەن ھامان مەلىكە بالىنى خاس ھۇجرىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا ھەممە ۋاقەلەرنى بايان قىلىپ يۈز-كۆزلىرىنى سىلاپ سۆيدى.

ساراينى خەۋەر ئېلىشقا قالدۇرغان ئەمەلدار بۇ ئەھۋالاتنى كۆرۈپ قېلىپ گۇمانلاندى. پادىشا شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە كۆرگەنلىرىنى پادىشاغا يەتكۈزدى. پادىشانىڭ غەزەپ ئاچچىقى كېلىپ ئويلىدىكى: «خاتۇنۇم ماڭا ھىلە ئىشلىتىپ ئۆز مەھبۇبىنى غۇلام ھىساۋىدا بۇ يەرگە ئەكەلدۈرۈپتۇ! ؟ ...».

شاھ قاپاقلىرىنى ئۈيمۇ ئاچماي خاتۇنىنىڭ قېشىغا كەلدى. مەلىكە شاھنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ ھەممە ئىشلارنى بىلگەنلىكىگە كۆزى يەتتى ۋە ئەدەپ بىلەن:

—ئەي شاھىم، كۆڭۈللىرى مالال كۆرىنىدۇ؟ دەپ سورىدى.

—نېمىشكە مالال بولمىسۇن، — دېدى شاھ غەزەپلىنىپ، — سەن ماڭا مىكىر ئىشلىتىپ مەھبۇبەڭنى ئاتاڭ قېشىدىن ئەكەلدۈرۈپسەن، شىكار پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپسەن!

شاھ خاتۇنىغا كۆپ مۇھەببەتلىك ئىدى، شۇڭا ئارتۇقچە سوراق-سوئال قىلمىدى، ئەمما ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى كېمىشتىن قايتمايدىغان، دىلى قاتتىق جاللاتتىن بىرنى چاقىرىپ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى.

جاللات بالىنى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى ۋە:

—قاراپ تۇرۇپ ئۆزەڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپسەن، شاھنىڭ غەزىۋىدىن قورقماپسەن؟ دېدى.

بالا جاللاتقا:

مەلىكە مېنىڭ ئۆز ئانامدۇر، پادىشادىن ھايا قىلىپ مېنى يوشۇرۇپ كەلگەن ئىكەن، مەن راستىنى دېسەم: ئۆلتۈرەمسەن، سويامسەن، ئىختىيار سەندە، — دەپ جاۋاپ بەردى.

جاللات ئويلاپ قالدىكى: «بۇ غولام ئەت-مال راست سۆزلەيدۇ، پادىشاغا بۇ ئەھۋال-نىڭ ئەسلىسى مەلۇم بولۇپ قالسا، كېيىن ئۇ غەزىۋىدىن يېنىپ مەندىن بۇ بالىنى سورىسا ماڭا يامان بولغۇسىدۇر؟...» .

شۇنىڭ بىلەن بالىنى ئۆلتۈرمەي ئۇيىگە يوشۇرۇپ ياقتى، ئەتىسى كېلىپ بالىنى ئۆل-تۈرگەنلىگى توغرىسىدا پادىشاغا يالغان مە-لۇمات بەردى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەلىكە دەرت-پىراقتا چىدىماي يىغا-زارە قىلدى. چىرايى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلەشتى .

مەلىكىنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان بىر كەمپىر بار ئىدى. ئۇ مەلىكىنىڭ سولغۇن چى-رايىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتىپ، مەلىكىدىن ئەھ-ۋال سورىدى. مەلىكە ھەممە ۋاقەنى كەمپىرگە سۆزلەپ بەردى. كەمپىر ئېيتتىكى:

—ئەي مەلىكەم ھەر دەرتنىڭ بىر داۋاسى بار، پىراق چەكمىگەيلا، مەن بۇنىڭ تەد-بىرىنى قىلغايمەن،- دېدى. كەمپىر شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

—ئەي شاھىم، مەلىكە كۈندىن - كۈنگە زەئىپلىشىۋاتىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ دەردىمۇ ئاز ئەمەس، رۇخسەت بولسا ئېيت-سام، مېنىڭدە بىر دانە تىلتۇمار بار. بۇ تۇمارنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ھەر قانداق كىشى ئۇخلاپ قالغان چاغدا بۇنى سىنەسى-گە قويۇپ قويسا ئۇ كىشى كىچىكىدىن تارتىپ چوڭ بولغىچە قىلغان ھەممە ياخ-شىلىق ۋە يامانلىقلىرىنى سۆزلەشكە باشلاي-دۇ. مېنىڭچە، بۇ تۇمارنى مەلىكە ئۇخلى-غاندا سىنەسىگە قويايلى، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئىقرارىنى ئاڭلاپ باقسىلا؟ ،-دېدى. بۇ سۆز پادىشاغا ماقۇل كېلىپ، شۇنداق قىلدى.

ئاخشىمى مەلىكە ئۇخلاپ قالغاندا ھېلىقى تىلتۇمارنى سىنەسىگە قويدى، مەلىكە سۆزلىگىلى تۇردى، ئۇ ھەممە ئەھ-ۋالنى سۆزلەپ كېلىپ:

—...شاھ شىكارغا كەتكەندە مېھرىۋانلىق كۆرسەتكىنىم - ئۆز پەرزەندىم ئىدى، ئۇنى شاھتىن ھايا قىلىپ ئاشكارىيالمىغانتىم، ئالەم گۇۋاكى قانداق بىر ئايال ئۆز پەر-زەنتى بىلەن يامان ئىش قىلسۇن؟ چېقىم-چىلارنىڭ سۆزى پادىشانى ئىشەندۈرگەچكە شاھ گۇمانلىنىپ بالامنى ئۆلتۈرگۈزدى، مەن بۇنىڭغا قانداق چىداي، ئاھ بالام!... ، -دەپ يىغلىغىنىچە كۆزىنى ئاچتى.

شاھ مەلىكىگە كۆڭۈل قويدى ۋە دەرھال جاللاتنى چاقىردى، جاللات ئەھۋالنىڭ راستىنى بايان قىلدى. مەلىكە ۋە شاھ ناھايىتى خۇرسەن بولۇشۇپ جاللاتنىڭ ئۆ-يىدىن بالىنى ئەكەلدۈردى...

تۇتى ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، خەجەستىگە:

—ئەي خەجەستە، ئاڭلىغاندۇرسەن، ھەقىقەت ھامان ئاشكارىلىنىدۇ، رۇم شاھى-نىڭ قىزى پاك ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ پاك ئىكەنلىگىنى ئىسپات قىلالىدى، سىزچۇ؟...،- دەپ سۆزلىدى.

كېچە يورۇشقا باشلىدى، خەجەستىنىڭ مەقسىدى ھاسىل بولمىدى. ئۇ «ئەتە چوقۇم بارىمەن!» دەپ ئۇخلاشقا ياتتى.

x x

رىۋايەتتە شۇنداق قەيت قىلىنىدۇ:

ئەتىسى خەجەستە چاشكا مەزگىلىدە ئۆز ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، بازاردىن ئۆت-كەن-كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. يې-راقتىن كارۋانلارنىڭ ئات- ئۇلاغلىرىنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇزاق ئۆتمەي، سودىگەرچىلىككە چىقىپ كەتكەن ئېرى ھويلىغا كىرىپ كەلدى. تۇتى خوش ئاۋاز بىلەن سايراپ كەتتى . خەجەستە خوشاللىق بىلەن ئېرىنىڭ ئالدىغا چۈشتى ۋە دىدارلاشتى.

تۇتى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى بىجا ئەدىل ئورۇنلاپ ، خەجەستىنى ئېرىنىڭ قولىغا ساق-سالامەت تاپشۇردى.

تەييارلىغۇچى:
ئابدۇقادىر مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شائىرلار سۆھبىتىدىن پارچەتەسىراتلار

(سىكىل)

مەتقاسىم مەتنىياز

## خىسلىتىڭنى قىلدىڭ ھەدىيە

شېئىرىڭدا يۈكسەلگەن ئوبراز، مەنادەك،
ئۈمىتۋار، خۇشپېئىل، جۇشقۇن ئىكەنسەن.
روھىمنى كۆتەردىڭ سالقىن ھاۋادەك،
تەلەپچان سۆھبىتىڭ-پىكرىڭ بىلەن سەن.

قىلمىدىڭ كىنايە ۋە يا مەسخىرە،
ھەۋەسكار شېئىرىدا كورۈپ نۇقسانىنى.
كۆيۈنۈش جامىدا سۇنۇپ دۇردانە،
چاقناتتىڭ ھايالسىز ھىممەت- ئىھسانىنى.

ھەسەتكە بېرىپ دەل لەنەتتىن كېيىن،
ئىجاتچان ھەر كىمگە ئېيتتىڭ مەدھىيە.
ئالماستەك ئىگىلمەس، تالدەك ئەۋرىشىم،-
خىسلەتنى سەن ماڭا قىلدىڭ ھەدىيە.

## بىر سۆزگە بەرگىن ئىجازەت

تىنىقسۇ بېتىدە ئەكس ئەتكەن ئايدەك،
شېئىردا چاقنايدۇ شائىرنىڭ قەلبى.
خىسلىتى سۆزىدىن بولسا گەر بولەك،
ئاخىر ئۇ، چىن شائىر سانالماس بەلكى.

شېئىرىڭنى ئوقۇغان چاغدا قەلەمداش،
ئويلايتتىم كوڭلىگە سىغمىدۇ دۇنيا.
ئۇچراشتۇق، سۆۋۈدى ھۆرمىتىم ھازىر،
ئۇشتۇمتۇت جۇدۇندا قاتقاندەك دەريا.

نېمە ئۇ، كىمدىيىپ بۇنچە ماختىنىش،
دوستلارنى ئېيىپلاش، تەنە-شىكايەت.
توڭگىدى ئاڭلاشقا تاقەتۇ- چىداش،
توختىغىن، بىر سۆزگە بەرگىن ئىجازەت:

«سۆزىنى كور لېكىن ئۆزىنى كورمە»
دېيىشكەن بىراۋلار چۈشىنىپ سېنى.
ئۆزەڭنىڭ شېئىرىنى ئوقۇپ بەرگىنە،
كورەي مەن يۈزۈڭنىڭ قىزارغىنىنى!؟

## ھۆرمەت

گۈرۈپپا باشلىقى بولسا ئادەتتە،
ئاتايىتتۇق ئىسمىغا چېتىپ مەنسەپنى.
بۇ دىمەك-رەھبەرگە بولغان «ھۆرمەت» دەپ
بىلمىدۇق ھەركىم شۇ يۈسۈن-ئەدەپنى.

بۇ ھۆرمەت سالاتتى ئارىغا توساق،
بىلدۇرۇپ «ئەمەلدار» دىگەن ئۇقۇمنى.
ئەدىپلەر نىچۇندۇر تاشلىدۇق يىراق،
كۆڭۈلدىن قالغان بۇ ئەبجەش ئۇدۇمنى.

قەلەمى پىشقانىراق شائىر - پىشىۋا
ھەۋەسكار ئوز ئارا كۆزلەپ - چاقچاقتا؛
تارتىنماي بەھۇزۇر «ئاناكا» ۋە «ئۇكا»
دېيىشىپ ئۆتۈشتۇق مەجلىس - ياتاقتا.

تالاشلار ئىچىدە قىزدى سوھبەت،
تۈرمىدى ھېچكىمنى ئەيمىنىپ، ئەسنەپ.

كۆنسېرى كۆچەيدى مېھرى - مۇھەببەت،
پېشىۋا ئابرويىگە تەمەدى پەسلەپ.

بەلدىمكى بۇھالەت - قەلەم ئەھلىنىڭ،
سەممى ئۆزلىشىپ كەتكىنى ئىكەن.
بىز تۇرغان ئىدارە باشلىقلىرىمۇ،
ئەشۇنداق ئۆتۈشەك رەنجىمەسكەن...

## چاقنىغان يۇلتۇزلار

سوھبەتكە جەم بولسا مەرىپەت ئەھلى،
مىنۇتلار تەگداشسىز مەنا تاپىدۇ.
زەر ئۇنچە چاچرىتىپ ھىكمەت چەشمىسى،
كوڭۇلدىن - كوڭۇلگە كەۋسەر ئاقىدۇ.

بىرىدە ھاياجان ۋە بىرى مەمنۇن،
يېشىلگەچ پىكىرنى بەنت قىلغان تۇگۈن.
زوق ھەۋەس، ئارزۇلۇق سوزلەرگە مەپتۇن،
چىقماقتا ئىزدەنگەن سىرلارغا يەكۈن.

قۇياشتەك يالقۇنلۇق يۇلتۇزدەك ئويغاق،
مەزمۇنلۇق سوھبەتتە ئوتتى بۇ كېچە.
كۆنلەر بەك تېز كەتتى، قېنىشماي، بىراق
كۆچەيدى ئىشتىياق، جۇرئەت يېڭىچە،

تاڭ ئاتسا نېمىدىن تا گۇمىغىچە
كېتەمىز ئايرىلىپ، ھەرياققا قاراپ.
چاقنىغان يۇلتۇزلار، چاقنىغىن ئۆچمە،
قىزىغان سوھبەتنى ئۆزمە ئالدىراپ.

## شائىر ئىرادىسى

نەپ ئۈچۈن تەۋرىمەس قولۇمدا قەلەم،
ئىستىگىم، نەپرىتىم سىڭگەن مىسراغا.
ئىرادەم زەنجىرى تارتىلغان مەھكەم،
قەلبىمدىن ئۇرغۇغان ئوتلۇق ساداغا.

تەنە - دوق نەشتىرى، توھمەت لەشكىرى،
ۋىژدانىم قەلئەسىن قىلالماس شۇرا.
ئەقىدەم جەۋھىرى، ئىجتىھات نۇرى،
جان بولۇپ ئۆزلەشكەن رىتىملەر ئارا.

ئەمەسمەن شامالدا ئاۋاز چىقىرىپ،
شىلدىرلاپ ئۇچقۇچى يانتاق يا قومۇش.

ئەمەسمەن نىشانسىز، بىماكان غېرىپ،
يەم ئىزدەپ ھەرجايدا ۋىتىلدىغان قۇش.

مەنۋەتەن پەرزەنتى يىلتىزىم چوڭقۇر،
شېرى ھاياتىم - مول سېخى تۇرمۇش.
ئەمگىكىم شەرىپى كەسپىمگە غۇرۇر،
خەلقىمنىڭ كوڭلىدىن مەنا ئاختۇرۇش.

ياشايمەن ئەل ئىچرە ئۆزلىشىپ تىرەن،
سۈيىدە تامچىمەن، ئوتىدا ئۇچقۇن.
شېرىمنىڭ تەۋرىمەس ئىجراچىسىمەن،
بېشىمدىن نى - نى كوي - قىسمەتلەر ئۆچسۇن!

## روھلۇنۇپ قايتتىم

بىر دوستۇم يىغىنغا مېنى ئۇزىتىپ،
دېگەنىدى: «بېشىڭنى قويارسە كەتمەپ؟»
— يازكەلدى، نوتىمغا چېچەك قوندۇرۇپ
كېلەرمىز، - دېگەنتىمگە پىنى ئەگىتىپ.

ئويلۇدۇم يول بويى: «ھەرچېچەك پەسلى
كېلىدۇ تۈرۈلۈپ جۇدۇن سوغشامال،
ئادەت شۇ: يېپەننىڭ كورۇنسە بېشى،
بورىنى كېلەتتى، كېلەر ئېھتىمال؟!..

www.uyghurkitap.com



يېغىنغا جەم بولدۇق: بىر ئىلىلىق ئېقىم
ئىلكىدە روھلاندىم يەنە شادىمان،
تەبىئەت خۇيىنى دورىما يدىكەن،
بورانغا چەكقويغان، بۇ يېڭى دەۋران.

كوڭلۇمنىڭ كوكىدىن تارقىدى تۇمان،
تارقىدى بىھۇدە ئەندىشە گۇمان.

ئاپتاپلىق ۋەمۇقىم كوكلەمنى سەزدىم،
ئىستىقبال يۈز ئاچتى، يولى كەڭ-راۋان.

قايتتىم شات، چاپتۇرۇپ جۇرئەت ئېتىمنى،
رىغبەت تۇ-نۇسرەتنى بىلىپ ئەتىۋا.
دالىنى قوچۇدۇ باھار شامىلى،
كوڭلۇمدە ھارارەت، تىلىمدا ناۋا.

# بايرام دىگۇلۇك

تۇرسۇننىياز ئابدۇللا

كىشىلەر بىغۇبار، كۇلۇپ ياشىسا،
جىلۋىلىك چىرايلار گۇلگە ئوخشىسا.
غېمى يوق قىز-جىۋان پارات باشلىسا،
ياشىسا كوكۇللەر بايرام دىگۇلۇك.

لىقتولسا گۇلبا غلار سەيلىچىلەرگە،
بۇلبۇلدەك ئاۋازلىق كۇلگۇچىلەرگە.
ۋەدىگە ۋاپالىق سويگۇچىلەرگە،
ياشىسا كوكۇللەر بايرام دىگۇلۇك

ھەر ئويلەر ساقىلىق بۇرچىنى ئاقلاپ،
مەي تۇتسا دوستلارنىڭ ئىشىنى ياقلاپ.
ئۇسۇللار قىزىسا، ئويىنسا تاقلاپ،
ياشىسا كوكۇللەر بايرام دىگۇلۇك.

كەزگەندە خىيالىم جىمى ئالەمنى،
يات كوردۇم بۇ ئەلدە ئەندى ئەلەمنى.
قۇتلاپتۇھور دەۋران سىگىل-ھەدەمنى،
ياشىسا كوكۇللەر بايرام دىگۇلۇك.

ئەي سىگىل بايرىمىڭكەلدى شات-خورام،
كوزۇمدىن شات يېشىم توكۇلدى تارام.
دىدىم مەن مەرھابا! بارچىغا سالام،
ياشىسا كوكۇللەر بايرام دىگۇلۇك.

# گىيا توغرىسىدا

مەترۇزى ئەخمەت

يەرۇ-تاغنى قاپلاپ ئۇسەمدۇ،
گۇل-گىيادا خىسلەت بولامسا؟
يېڭەلەمدۇ بورانني، جۇتنى...
جىسمىدا بىر قۇدرەت بولامسا؟

ئۇنىڭ تۇرقى، قەيسەرلىكلىرى،
ئىسمىدىنمۇ بىلىنىشلىك-يورۇق:
شۇڭا ئۇنىڭ تەرىپى چەكسىز،
(بىلگۇچىگە قىممىتى ئۇلۇق.)

زامانلارنىڭ ئەۋۋىلى گىيا،
ئوت يۇرەكلىك پالىۋان ئىكەن.
ئەل يۇرتىنىڭ ئامانلىغىنى-
قوغدىغۇچى پاسىۋان ئىكەن.

كۇتمىگەندە دەججال بۇ يۇرتقا،
خىرىس قىلماق بولۇپ كېلىپتۇ.
پالىۋاننى ئىلمەي كوزىگە،
ۋەھشىيانە چاڭگال سېلىپتۇ.

x x

بىراق يەتمەي كۈچى ئۆزىنىڭغا،
ھوكۈرەپتۇ، ئوتلار چېچىپتۇ.
ئانا تۇپراق كۆيۈپ بىر مەھەل،
قۇم بېسىپتۇ، بوران بېسىپتۇ.

خاسىيەتلىك قېلىچنى پالۋان،
غەزەپ بىلەن ئاڭا ئاتقاچقا؛
ئۆزى يېشىل گىيا تۈسىدە،
يىلتىز تارتىپ يەرنى ياپقاچقا؛

ياۋۇز دەججال بولۇپ بىماجال،
يېقىلىپتۇ، ئەجەل تېپىپتۇ.
ئاپەت يوقاپ، ئانا يەر قايتا،
گۈللىنىپتۇ- ھايات بېقىپتۇ.

شۇ پالۋاننىڭ قېنى زېمىندا
ھەر خىل گىيا، گۈل بوپ ئۈنۈپتۇ؛
ئەل ئىچىدە شۇنىڭدىن بىرى-
بۇ رىۋايەت داۋام قىلىپتۇ.

x x

بىلسەڭ دوستۇم گىيا دېگىنىم،
يېشىل دۇنيا — ھاياتلىق دېمەك؛
ئانا يۇرتنى گۈللەش، بېزەشكە،
ئەنە شۇنداق ئىسىل روھ كېرەك.

مەن كۈيلىدىم ئەشۇ گىيانى،
بىلىپ ئۇنى روھىم شىپاسى.
ئارمىنىم يوق ئەشۇنداق ياشاپ،
بولسام ئەلنىڭ قالقان، ھەغداسى.

# رۇبائىلار

ئابدۇقادىر مەتقۇربان

بولسۇن دوستۇم ئېسىڭدە ھەرۋاق،
ئۆمۈر-قېيىق، ئىجتىھات-پالاق.
تالاي قېيىق چوكتى پالاقسىز،
ئېلىش لازىم بۇنىڭدىن ساۋاق.

x x

ئەجرى قىلغىن ياشلىق چېغىڭدا،
گۈل ئۈستۈرگىن كۆڭۈل بېغىڭدا.
ئەل يارىتىپ قىسسۇن دىسەڭسەن،
سوغار ئۇنى يۈرەك قېنىڭدا.

x x

نادان ئۆمۈر- بىر توشۇك كېمە،
ئۇنداھەرگىز ئۈزمەن دېمە.

ساڭا بىلىم يارۇ-ھەمكاركەن،
مۇشكۈللەردىن زادى غەم يېمە.

x x

ئىختىيار قىل ئىجات ئەتمەكنى،
ئېچىپ تاشلا سىرۇ-ھېكمەتنى.
راۋا كۆرمە چوكۇپ غەپلەتكە،
ئىختىيارسىز ياشاپ ئۆتمەكنى.

x x

ھەيكەل قويغىن ئىجات-مېھنەتتىن،
ياشاي دېسەڭ مەڭگۈ ئۆلمەستىن.
زىكرى بولۇر ھەر جايدا نامىڭ-
قالسا ئۇ گەر ئۆزەڭ نەپەستىن.

# سودىگەرنىڭ ئوغلى

( بېشى ئۆتكەن ساندا)

ئەژدىھا بېشىنى قاشتېشى، ئالتۇندىن ياسالغان ھەشەمەتلىك تەختتە ئولتۇرغان شاھنىڭ ئاياق تەرىپىدە ئىززەت-ئىكرام بىلەن قويۇپتۇ. شاھ تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ. يىگىتنىڭ پېشانىسىگە ئاتلىق مۆھۈرى بىلەن سۆيۈپ قويۇپتۇ. ھەممە يىگىتنى ئۇزىگە سول قول ۋەزىر قىلغانلىغىنى جاكالاپتۇ. ئوردا ئەھلىدىن تاكى ئاددى پۇخراغىچە يىگىتنى قىزغىن تەبرىكلەپتۇ. پادىشا داغدۇغىلىق زىياپەتتىن كېيىن ئوڭ قول ۋەزىرىگە:

— ئەمدى تويىنى قىلىۋەتسەك قانداق؟ — دەپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرى:

— ئى پادىشاھىم، ئالدى بىلەن يىگىتنى چاقىرساق، سورايدىغان بىر گېپىم چىقىپ قالدى. شۇنى سوراۋېلىپ ئاندىن گېپىڭىزگە ئۇچۇر قىلسام، — دەپتۇ. شاھ يىگىتنى چاقىرىپتۇ. يىگىت ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. شۇچاغدا ۋەزىر:

— ئەي يىگىت! سىز ئەژدىھانىڭ ئىچىدە ئولۇپ قېلىشتىن قورقمىدىڭىزمۇ، — دەپ سوراپتۇ.

— مەن كىچىكىمدە «يۇرت قوغدىمىغان ئوغلان ئولەر» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۆتكەندە ئۇزلىرىنىڭ «يۇرتى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن سوزىنىمۇ ئاڭلاپ قالدىم. شۇڭا ئەل-يۇرتنىڭ خىزمىتىنى قىلىش يولىدا ئۆلۈمدىن قورقۇش كەمىنىلەرگە يات!، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يىگىت.

— ياراپسەن ئوغلۇم! — دەپتۇ ۋەزىر يىگىتنىڭ سوزىدىن ھاياجانلىنىپ. يىگىتكە ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن ئوڭ قول ۋەزىر:

— ئى ئۇلۇغ شاھىم، بىزنىڭ مۇبارەك يۇرتىمىز يەنە بىر ئۇچمەس چىراغقا ئىگە بولدى. تويىنى ئەمدى قىلايلى، — دەپتۇ.

تويىنىڭ تەييارلىغى جىددى باشلىنىپ كېتىپتۇ. يىگىتكە يېپ-يېڭى ھەيۋەتلىك ساراي سېلىنىشقا باشلاپتۇ. دەل مۇشۇ كۈنلەردە چىن ماچىن شەھىرىگە يېغىلىق كەپتۇ. ئوردىدا غۇلغۇلا پەيدا بوپتۇ. ۋەزىرلىك مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان سابىق سول قول ۋەزىر تەرەپتىكىلەر سۇلھى قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر تەرەپتىكىلەر دۈشمەنگە قەتئى قارشى تۇرۇشنى تەكىتلەپتۇ. پادىشانىڭ بولسا بېشى قېتىپتۇ.

يىگىت، يوشۇرۇنچە شەھەر سىرتىغا چىقىپ سۇمرۇغنىڭ تۈكچىلىرىنى كويدۇرگەن ئىكەن، قۇش دەرھال يېتىپ كېلىپ:

— ئەي مېھرىبان يىگىت! ئېيت، قېنى، سېنىڭ بېشىڭغا قانداق كۈن چۈشتى؟ — دەپتۇ. يىگىت ئەھۋالنى بايان قىپتۇ ۋە دۈشمەننىڭ ئەسكىرى كۈچىنى كورۇپ كېلىش نىيىتى بارلىغىنى ئېيتىپتۇ. سۇمرۇغ:

— قېنى ئۇنداق بولسا، ئۇستۈمگە مىن — دەپتۇ. يىگىت سۇمرۇغنىڭ ئۇستىگە مىنىپ غەرپ تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. كەنتلەردىن، دەريا-سۇلاردىن، شەھەرلەردىن ئوتۇپ پايانسىز چولگە چىقىپتۇ. سۇمرۇغ:

— ئەي يىگىت، دۈشمەنلەر مۇشۇ چولنىڭ ئىچىدە، ئەمدى پەسراق ئۇچىمەن، سەگەك بول! دەپتۇ. يىگىت قارىسا دۈشمەن ئەسكەرلىرى پۈتۈن چولنى چۈمۈلىدەك قاپلىغان ئىكەن. بارگاھلار بولسا سانچاق-سانچاق تۇرغۇدەك. يىگىت دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ

بىرىنچىدىن سانى كۆپلىگىنى، ئىككىنچىدىن
ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ خالىغىنى، ئۈچىن-
چىدىن ئوقيالىرىنىڭ ئالامەت يوغان ،
ئوقلىرىنىڭ ئۇزۇنغا بارىدىغان ئوقلارنى-
كەلگەنلىكىنى بايقاپتۇ. يىگىت قايتىپ كە-
لگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى،
دۈشمەن ئەھۋالىنى پادىشاغا ۋە ئوردا ئەھ-
لىگە بايان قىپتۇ. تالاش- تارتىشلار بوپ-
تۇ. سولھى تەرەپدارلىرى:

— بۇنداق دۈشمەننى قىلىچ بىلەن ئە-
مەس، بەلكى سوغات ھەم ئىززەت-ئىكرام بىلەن
كۈتۈۋېلىپ يۇرتىمىزنى تاپشۇرۇپ، بېشى-
مىزنى تۆۋەنسالغىنىمىز تۈزۈك— دېيىشىپ-
تۇ.

— بولمايدۇ!— دەپتۇ يىگىت قەتئىي قى-
لىپ،— بۇ دۈشمەنلەر بىزنىڭ سوغات، ئىز-
زەت— ئىكراملىرىمىزغىلا قانائەت قىلمايدۇ.
بەلكى ئۇلار يۇرتىمىزنى تارتىۋېلىپ
بىزنى قۇل قىلىشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا
دۈشمەن ئۈستىگە ئاتلانماق كېرەك.

پادىشا يىگىتكە ئەسكەر تارتىشقا پەرمان
بېرىپتۇ. يىگىت ئاتلىنىپتۇ. ۋە دۈشمەن
بارگاھىنىڭ ئۇدۇلىغا بارگاھ تىكىپتۇ.
ئەل ئايىغى بېسىققاندا يىگىت ئاغىمخان
تۈكلىرىنى كۆيدۈرگەن ئىكەن، ئاغىمخان
دەرھال پەيدا بوپتۇ.

— ئەي يىگىت،— دەپتۇ ئاغىمخان،— بىز-
گە يەنە قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى؟. يىگىت
ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئاغىمخان:

— بىز ھازىردىن باشلاپ دۈشمەنلەرنىڭ
چىشلەپ، قىرىپ ئۈزۈۋېتىدىغان نەرسىلى-
رىنىڭ ھەممىسىنى كاردىن چىقىرىمىز. بىز-
مۇ سېنىڭ يۇرتۇڭدىكى ئاغىمخانلارمىز، سې-
نىڭ دۈشمىنىڭ بىزنىڭمۇ دۈشمىنىمىز، سې-
نىڭ قايغۇڭ بىزنىڭمۇ قايغۇمىز، مەن سېنىڭ
ئىشىڭغا ئاز بولسىمۇ ياردەم بېرىمەن سەن
ئەتە تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا غالىبىيەت باي-
رىقىڭنى كۆتەر،— دەپتۇ— دە كۆزدىن غايىپ
بوپتۇ.

يىگىت ئەسكەرلىرىنى پۇخ-
تىلىق بىلەن جەڭگە تەييارلاپتۇ.
تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن يىگىت ئەسكەرلىرى
بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە ئاتلىنىپتۇ. دۈشمەن
ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنىڭ تاسما، بەلۋاغ-
لىرى، ئوقيالىرىنىڭ يىپلىرى تامام غاجى-
لىنىپ، ئۈزۈلۈپ، تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكتىن،
جەڭگە دەرھال تەييارلىنالماي، پاتپاراق
بولۇپ كېتىپتۇ. يىگىت— ئەسكەرلىرى بىلەن
دۈشمەن ئۈستىگە بوراندەك يېتىپ بېرىپ،
دۈشمەنلەرنى تىرە— پىرەك قىلىۋېتىپتۇ.
پۈتۈن چۆل دۈشمەن ئۆلۈكلىرى بىلەن تولۇپ
كېتىپتۇ. كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغاندا بىرمۇ
تىرىك دۈشمەن قالماپتۇ. يىگىت ئۇرۇش
مەيدانىنى يىغىشتۇرۇشقا پەرمان بېرىپتۇ.
ھەددى- ھېسابسىز مال- دۇنيا، قورال- يا-
راق، ئېسىل ئاتلارنى غەنىمەت ئالغاندىن
باشقا، يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسىرلەرنىمۇ
قولغا چۈشۈرۈپتۇ. ئەسىرلەرنى ھەيدە
كەلگەن ئەزىمەتلەردىن بىرسى ئەسىرلەرنى
قاتار تۇرغۇزۇپ قويۇپ:

— ئەي باسقۇنچىلار! غالىپ قوشۇنىمىز-
نىڭ سەركەردىسىگە باش ئېگىش!— دەپتۇ.
يىگىت شۇنداق قارىغىدەك بولسا، بۇ ئەزى-
مەتدەل يىگىتنىڭ بولغۇسى خاتۇنى— شاھ-
نىڭ ئارزۇلۇق مەلىكىسى ئىكەن.

— سىز قاچاندىن تارتىپ بىز بىلەن بىل-
لە؟— دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— تۈنۈگۈن كەچتىن تارتىپ،— دەپ جا-
ۋاپ بېرىپتۇ مەلىكە.

— ئاتىڭىز رۇخسەت قىلدىمۇ؟— دەپتۇ
يىگىت.

— يۇرت قوغداشقا رۇخسەت ئېلىشنىڭ
ھاجىتى يوق— دەپتۇ مەلىكە. يىگىت مەلىكى-
نىڭ جاۋابىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپتۇ ھەمدە
ئەسكەرلەرنى ئېلىپ ئوردا شەھىرىگە راۋان
بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



پادىشاۋە ئوردا شەھەردىكى كىشىلەر يىگىتنى مىسلى كورۇلمىگەن تەنتەنە بىلەن قارشى ئاپتۇ. راۋاق ئالدىغا بارغاندا پادىشا ئىشارەت قىپتۇ. پۈتۈن ئوردا ئەھلى ھەم كىشىلەر يىگىتنىڭ ئالدىدا يۇرتىنىڭ مۇبارەك توپىسىنى سويۇپتۇ.

يىگىت دۇشمەن بايراقلىرىنى، ئەسىر ئېلىنغان دۇشمەن باشلىقلىرىنى راۋاق تېگىگە تاشلاپتۇ. شاھ دۇشمەن بايراقلىرىنى دەسسەپ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قىزى بىلەن بىرلىكتە راۋاق ئۇستىگە ئېلىپ چىقىپ ئوزىنىڭ پادىشالىقىنى يىگىتكە ئوتۇنۇپ بەرگەنلىكىنى تەنتەنىلىك جاكالاپ، شۇ يەردىلا مۇراسىم ئوتكۇزۇلۇپتۇ.

يىگىت شەھىرى ماچىننىڭ پادىشالىقىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن چاچ-ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان بىر سودىگەر كىرىپ:

— دات! ئەي شەۋكەتلىك شاھ! — دەپ تىز پۇكۇپتۇ. يىگىت قارىسىدەك بولسا ئوزىنىڭ ئىزدز دادىسى ئىكەن. ئەمما يىگىت تونۇشلۇق بەرمەي تۇرۇپ:

— قېنى، سودىگەر، دەردىڭىزنى بايان قىلىڭ! — دەپتۇ.

— مەن سادىق پۇخرالىرى سودىگەر بەيرام باي دىگەن بولىمەن، مەن ھىندى-ئاۋغان تەرەپكە مال ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىدىم، — دەپتۇ سودىگەر، — سەپەردە بەختسىزلىك يۇز بەردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغلۇمنى ئىزدەپ خايال بوپقالدىم. ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. ئايالىم بىر يىل بۇرۇن مېنى ئولدىگە چىقىرىپ، ماتەم تۇتۇپ، باشقا ئەرگە تېگىۋاپتۇ. مېنىڭ سارايلىرىم، ئومۇر بويى يىققان مال-دۇنيالىرىمغا بىر نائىنساپ ئىگىدارچىلىق قىپتۇ.

— تەلىۋىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت. دادىسىنىڭ غەزەپتىن گەپ قىلالماي قالغانلىقىنى كوروپ:

— ئاجىز قۇللىرىڭىزنىڭ تەلىۋى، — دەپتۇ سودىگەر، — مېنىڭ بىردىن-بىر كوز نۇرۇم ئوغلۇم شۇجادۇگەر خوتۇننىڭ كاساپىتىدىن ئويدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان يەرلىرىم قالمىدى. شۇ ئوغلۇمنىڭ ئىز-دېرىكىنى بىر ئۇقۇش مۇمكىن بولسا، ھەممە بارلىق مال-مۇلۇكلىرىم قولۇمغا ئېلىپ بېرىلسىكەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دادا! — دەپتۇ يىگىت تەختتىن چۇشۇپ، — مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز مەن!

سودىگەر ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاپتۇ. يىگىت دادىسىنى يولەپ تۇرغۇزۇپ شاھانە تەخت ئۇستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. سودىگەر بولسا شاتلىق ياشلىرى بىلەن ساقاللىرىنى يۇيۇپتۇ. يىگىت ئوگەي ئانىسىنى ۋە ئۇنىڭ تېگىۋالغان ئېرىنىمۇ قوشۇپ ئوردىغا ئەكەلدۇرۇپتۇ ۋە دادىسىغا:

— قېنى، دادا بۇنىڭغا ئوزىڭىز بىرنېمە دەڭ! — دەپتۇ. دادىسى:

— ئى ئوغلۇم، مەن گەرچە دادا بولسامۇ، سەن بىر شاھ سەن. يۇرتنىڭ ئاتىسى سەن. مېنى بۇنچىلىك ئىززەت قىلغىنىڭغا خۇدا رەھمەت قىلسۇن! بۇلارغا يۇرت قانۇنى بويىچە ھوكۇم قىلغىن — دەپتۇ. يىگىت:

— بۇ ئىككىسى سارايلارنى، ئالتۇنلارنى، رەمەتلىك ئانام ۋە بوۋامنىڭ خاتىرە بۇيۇم يادىكارلىقلىرىنى قايتۇرسۇن، قالغانلىرى بولسا ئوزلىرىدە قالسۇن. ئۇلارغا ھېچكىم دەخلى-تەسىر يەتكۇزمىسۇن! — دەپ ئەمىر قىپتۇ. يىگىتنىڭ بۇ ئادىل ھوكمىگە ھەممە قايىل بوپتۇ. ئارقىدىنلا غەلىبە شاتلىقى بىلەن تويىنى باشلىۋېتىپتۇ. قىرىق كېچە، قىرىق كۇندۇز شۇنداق توي بولۇپتىكى، تارىختا ئەلمىساقتىن تارتىپ، شۇنداق توي بولۇپ باقمىغان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئاتا-بالا جەم بوپتۇ. يىگىت يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ. چىن ماچىن پۇخرالىرى مۇرات-مەقسىدىگە يېتىپتۇ.

رەتلىگۇچى نۇرى كىرەم

# مەدەنىيەت خەۋەرلىرى

## ۋىلايىتىمىزدە ئەدەبىي ئىجادىيەت سوھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى خوتەن يەرلىك كومىتېتى ۋە مەمۇرى مەھكىمىنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ۋىلايىتىمىزدە، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن بۇيانقى 2-قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت سوھبەت يىغىنى 2-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە خوتەن 2-مېھمانخانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

سوھبەت يىغىنىغا ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بىردىنبىر قاينام-تاشقىنلىق بولغىنى ئىچىدە كۈرەش قىلىۋاتقان 400 دىن ئارتۇق ئىشتىن سىرتقى ئاپتورلاردىن 70 كە يېقىن كىشى قاتناشتى. سوھبەت يىغىنىغا قاتناشقانلار ئىچىدە 60 ياشتىن ئاشقان پېشقەدەملەرمۇ، 20 ياشقا توشمىغان جۇشقۇن ھەۋەسكارلارمۇ بار؛ رەھبىرىي كادىرلارمۇ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرمۇ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارمۇ، دېھقانلارمۇ، ئاياللارمۇ بار.

بۇقېتىمقى يىغىن ئارقىلىق «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-قۇرۇلتىيى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرەك قىلىندى. «يېڭى قاشتېشى» («كۇئېنلۇن ئەدەبىياتى») نىڭ 1-سانىدىن 10-سانىغا قەدەر ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن 27 سى 1-، 2-، 3-دەرىجە بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر دەپ باھالىنىپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا مۇكاپات تارقىتىلدى.

يىغىن داۋامىدا يەنە ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرغۇنلۇق، قېلىپبازلىق، پىكىرنىڭ تەكرارلىنىشى، يىرىك، نەسرى ۋە دراما ئەسەرلىرى، تەقرىزچىلىك ئاز ياكى يوق بولۇش قاتارلىق ئاجىزلىق تەرەپلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى، تەجرىبە-ساۋاقلار يەكۈنلەندى. ئاپتورلار خۇشاللىق ھېسسىياتلىرى بىلەن ئۆز ئارا تونۇشۇپ سىرداشتى، بىر-بىرىدىن ئۆگەندى ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشتى.

يىغىن داۋامىدا يەرلىك كومىتېت مەمۇرى مەھكىمە ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقارمىلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن جىڭ شۇشىڭ، نۇرى مەھەممەت خۇداۋەدى، ئابدىرىشىت ئاۋۇت، مەتتۇرسۇن شىرىپ، باكىر ئىسمايىل، مەتتوختى روزى، مەھەممەت توختى قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا كېلىپ ئاپتورلار بىلەن يۈزكۆرۈشتى ۋە ئىلھام بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۆھبەت يىغىنى داۋامىدا رەئىس خۇياۋ باڭنىڭ «سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتقى»، ۋە «ھېكايە، فىلىم ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنى»دا سۆزلەنگەن سۆزى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك قىسمى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ قەشقەردە ئۆتكۈزگەن ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى.

ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق ئاپتورلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت توپ يۆنىلىش ۋە «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنىنى ھەققىدىكى تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، ئۇلار سۆھبەت داۋامىدا مۇنداق دېيىشتى: ئۆتكەن بىر مەزگىلدە بورژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاتا پىكىر ئېقىمى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى، بىز بۇندىن كېيىن، توت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ماۋجۇشىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»دىگەن ئەسىرىنى داۋاملىق ئۆگىنىمىز.

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ نۇۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىنغاندا ئاپتورلار مۇنداق دېدى: نۇۋەتتە ئاساسىي كۈچىمىزنى ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق بولغان يېزا تۇرمۇشىنى، زاۋۇت-كان، سودا بازارلىرى تۇرمۇشىنى، ئىلىم-پەن ۋە مەكتەپ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەشكە قارىتىمىز، خەلقنى چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان، مەيۇسلەندۈرىدىغان، ئۈمىتسىزلەندۈرىدىغان، كونا ئادەتلەرنى قايتا يادىغا سالىدىغان ئەسەرلەرنى يازماي، خەلقنى روھلاندۇرىدىغان، ئۈمىت-ئىشەنچ بېغىشلايدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ئەسەرلەرنى يازىمىز. «نۇقۇل مۇھەببەت»، «3 بۇرجەك مۇھەببەت» خاھىشلىرىمىزدىن ساقلىنىمىز.

ئاپتورلار ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىدىكى ئاجىزلىقلارنى ۋە بوشلۇقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن رومان، پوۋېست، دراما، داستان، ھېكايە، تەقرىز قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىشقا، شېرىيەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، كلاسسىك ئەسەرلەرنى توپلاش-رەتلەشكە كۈچ چىقىرىپ، خەلقنىڭ بارغانسېرى ئېشىۋاتقان مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

(ئۇزخەۋىرىمىز)



مۇقاۋىنى ــ تۇردى قادىر نازىرى ئىشلىگەن.
قىستۇرما سۈرەت ۋە ھۆسنىخەتلەرنى ئابدىغېنى،
مەتتوختىلار تەييارلىغان.

# يېڭى قاشتېشى


新玉文艺（维吾尔文季刊）

1982 ـ يىل 1 ـ سان (ئومۇمىي 11 ـ سان) 4 ـ يىل نەشرى.

تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتى.
ئادرېسى: خوتەن مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسى.
«خوتەن گېزىتى» باسمازاۋۇتىدا بېسىلدى.
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

ژورنالنىڭ ۋاكالەت نومۇرى 26 ـ 58    باھاسى 30 فېڭ